ئەخمەتجان ئىسمائىل

# ئازابلىق كۈنلەردە

## روھىي زەربىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش



بۇ كىتابتا ھەربىر ئادەم ۋە ھەربىر ئائىلىدە يۈز بەرگەن ھەم بەرگۈسى كېلىشمەسلىكلەر قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ ھەمدە مۇۋاپىق تۈردە پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىلىپ ، تەدبىرلىرى كۆرسىتىلىدۇ.

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

ئازابلىق كۈنلەردە
شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەنۋەر قاسىم



ISBN 7-5372-3944-4

ISBN 7-5372-3944-4
(民文)定价:12.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
TEKLİMEKAN UYGUR NEŞRİYATI
ABDUL CELİL TURAN
Nuripaşa Mh. İsa Yusuf Alptekin Sk.
No:30 A Z.Burnu-İST.
Z.Burnu V.D.: 298 579 23690

ئەخمەتجان ئىسمائىل

# ئازابلىق كۈنلەردە

## — روھىي زەربىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

心理创伤及防治/艾合买提江·依斯玛义编写—乌鲁木齐:新疆人民卫生出版社,2005.7
ISBN 7—5327—3944—4

Ⅰ.心...　Ⅱ.艾...　Ⅲ.心理保健—维吾尔语(中国少数民族语言)　Ⅳ.R161

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 083791 号

责任编辑:阿不力克木·努尔买买提阿吉
责任校对:热依汗·努尔

**心理创伤及防治**
(维吾尔文)
艾合买提江·依斯玛义　　著
*
新疆人民卫生出版社出版
(乌鲁木齐市龙泉街 66 号　邮编 830001)
新疆九泉印刷发展有限公司印刷
新疆新华书店发行
*
850×1168 毫米　32 开本　6.5 印张
2005 年 7 月第 1 版　2005 年 10 月第 1 次印刷
印数:1—4 000　定价:12.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........ 1
مەجرۇھلۇق ........ 1
قەرزگە بوغۇلۇش ........ 3
ئىشسىزلىق ........ 6
ئەمىلىدىن ئايرىلىش ........ 9
قىيىنچىلىقتا قېلىش ........ 12
مۇھەببەتتىن ئايرىلىش ........ 17
تۈرمىگە كىرىپ قېلىش ........ 20
يېتىملىك ........ 23
يۇرتىدىن ئايرىلىش ........ 27
پېنسىيىگە چىقىش ........ 31
نىكاھتىن ئاجرىشىش ........ 35
ئاتا ـ ئانىسى تۇگەپ كېتىش ........ 40
ئېرى تۇگەپ كېتىش ........ 43
ئايالى تۇگەپ كېتىش ........ 46
ھادىسىگە ئۇچراش ........ 48
زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىش ........ 51
سېتىلىپ كېتىش ........ 54
نومۇسىنى سېتىش ........ 58
ئەزالىرىنى سېتىش ........ 61

ئۇقۇشسىز قىلىش ........ 63
نامراتلىق ........ 66
ئاغرىق - سىلاق ........ 68
ساۋاتسىزلىق ........ 70
هاقارەتكە ئۇچراش ........ 73
باسقۇنچىلىققا ئۇچراش ........ 76
ئاچ - يالىڭاچ قىلىش ........ 78
بۇلاڭچىلىققا ئۇچراش ........ 83
قويۇلۇپ كېتىش ........ 81
بالىدىن ئايرىلىش ........ 85
ئەتىۋارلىقىدىن ئايرىلىش ........ 88
ئوغرىغا ئۇچراش ........ 91
يۆلەنچۈكسىز قىلىش ........ 93
يارىلىنىش ........ 96
تۆھمەتكە قىلىش ........ 98
بىسىلىش ........ 100
ئوت كېتىش ........ 102
مەكتەپتىن ھەيدىلىش ........ 105
ئوپېراتسىيىگە چۈشۈپ قىلىش ........ 108
خىزمەت تاپالماسلىق ........ 111
چۈشىنىشكە ئېرىشەلمەسلىك ........ 114
گازدىن زەھەرلىنىش ........ 117
ھەسەتكە ئۇچراش ........ 119
ۋەيران بولۇش ........ 125

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەدىرلەشكە ئېرىشەلمەسلىك ........................ 122
قوشۇمچە. ھاياتتا ھادىسىلەر ........................ 127
قىستۇرما I ........................ 130
مۇھەببەتلىشىش ........................ 130
توي قىلىش ........................ 132
پەرزەنتلىك بولۇش ........................ 134
ئوقۇش ........................ 136
خىزمەت قىلىش ........................ 137
باي بولۇش ........................ 139
ئويناش ........................ 142
ئارام ئېلىش ........................ 144
خۇشاللىق ........................ 145
قايغۇ ........................ 147
قىستۇرما I ........................ 148
زېرىكىش ........................ 149
تېرىكىش ........................ 150
خۇشياقماسلىق ........................ 152
تىللىشىش ........................ 154
ئۇرۇشۇش ........................ 156
قېپىداش ........................ 158
كۆرمەسكە سېلىش ........................ 160
ئېلىشۋېلىش ........................ 162
چېقىمچىلىق ........................ 163
دۈشمەنلىك قىلىش ........................ 165

**قىستۇرما Ⅲ** ………………………………… 167

ئاتا ـ ئانا ………………………………… 167

پەرزەنت ………………………………… 169

كېلىن ………………………………… 172

كۈيئوغۇل ………………………………… 174

ئەجداد ………………………………… 176

ئەمەل ………………………………… 178

بايلىق ………………………………… 180

يۇرت ………………………………… 182

مەنپەئەت ………………………………… 184

ئىجتىمائىي ئورۇن ………………………………… 186

**قىستۇرما Ⅳ** ………………………………… 188

جەدۋەل ………………………………… 188

ئاخىرقى سۆز ………………………………… 1

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

هازىرغا قەدەر نەچچە ئون مىڭدىن ئارتۇق بىمارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىپ كۆردۇم، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللار ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلدىم. 100 ئادەمنىڭ نەچچە يۈز تۇغقىنى بار دېسەك، نەچچە يۈز مىڭ كىشى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ پرىنسىپىنى ئاڭلىغان ياكى ئۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولى- دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىنقى بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيان پۈتۈن جەمئىيەتتە تېبابەتچىلىك قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ تېببىي بىلىم چۈشەنچىسى تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە چوڭقۇرلاشتى دەپ قارايمەن. بۇ خىزمەت يولىدا تارتقان جاپا، خاپىلىق ۋە روھىي بېسىملاردىن ئۆزۈم نەچچە قېتىم ئاغرىپ، زىيان تارتىپ، ماخ- تاش ۋە رەھمەتلەردىن بېسىم ھېس قىلىپ ناھايىتى قىينالغان بولساممۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئوقۇتقىنى ۋە مېھرىبان خەلقىمنىڭ ئۈ- مىدى ئالدىدا يەنىلا جۇشقۇن يۈرۈشكە تىرىشۋاتىمەن. مۇشۇ جەرياندا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم ئاساسىدا باشقا يازغۇچىلىرى- مىزغا ئوخشىمايدىغان قاراشلىرىمنى يۇغۇرۇپ، ساپ ئىجادىي كىتابلىرىمدىن «ياشلار سەمىگە» (4 قىسىم) ، «ئۇيغۇر تېبابەت- چىلىكىنىڭ شانلىق نۇرى» ، «مىزاج، خىلىت ۋە ئىنسان» ، «مىزاج ۋە يېمەك ـ ئىچمەك» ، «كەسپدارلار سەمىگە» قاتار-

لىق نەچچە ئون كىتابىمنى ئۇيقۇسىزلىق، چارچاش قاتارلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ يېزىپ، نەشر قىلدۇرۇپ مۇشۇ كۈنگە كەلـ.
ـدىم. كۈندە 15 سائەتتىن ئاشىدىغان ھەر خىل ئەقلىي مەشغۇلاتـ.
ـلىرىمنىڭ ئاساسىي نىشانى دەل بىلگەنلىرىمنى ۋەتەن تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشلىتىش ۋە بەك كونىرىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

بالا چاغلىرىمنى ئەسلەپ كۆرسەم، مەن ئۆزۈمنىڭ كىتابىمـ.
ـدا بايان قىلىنغان خاپىلىقلارنىڭ يېرىمىغا دېگۈدەك ئۇچراپ بېـ.
ـقىپتىمەن، ئەمما بەش ئەۋلاد ئوقۇپ يېتىلگەن ۋە باي ئۆتكەن روھىمىز ماڭا كەلگەندە ئۆلمەي تېخىمۇ تاۋلاندى. مۇنداقچە ئېيتـ.
ـقاندا، بېسىلدىم، ئەمما كۆمۈلمىدىم، قىيىنچىلىققا ئۇچرىدىم، ئەمما بەل قويۇۋەتمىدىم. شۇڭا دائىم ياشلارغا قىيىنچىلىق ئالدىـ.
ـدا ئۈمىدسىز بولماڭلار، پىلان ۋە مەقسەتىڭلار ئېنىق بولسۇن، دەپ كەلدىم.

ھەر ئادەم، ھەر ئائىلىدە بەئەينى بىر دۆلەتنىڭ مەسىلىسى بار، ئوخشاش ئاتالغان كېلىشمەسلىكنىڭ ھەر كىمدىكى دەردى پەرقلىق بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئەڭ پىشقەدەم، جىق ئىش كۆرگەن، سەرگۈزەشتىسى كۆپ، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا، بەزى ئوتتۇرا ياش كىشىلەردىن نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ دەپ سورىـ.
ـساق، 100 ياشقا كىرگەندەك ھېس قىلىمەن، دەيدۇ. قالايمىقانـ.
ـچىلىق ۋە ياۋايىلىق ھۆكۈم سۈرگەن يىللارنىڭ گۇۋاھچىلىرى تېخىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ دەردىنى تولۇق ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ
ئۇزۇنلۇقى بىلەن يەر شارىنى بىر نەچچە قېتىم ئوراش مۇمكىن.
بۇ ئەلۋەتتە شۇ كىشىنىڭ ياشىغان جايىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتى ۋە
كۆرگەن خاپىلىقىنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەن
بۇ كىتابىمدا ئۆزۈم ئىگىلىگەن ۋە بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ھېس-
سىي، ئەقلىي سەرگۈزەشتىلەردىن تامچە ئېلىپ ياشلارغا ئۆرنەك
سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە بالدۇرراق سۇندۇم. يېزىش، چىقى-
رىش، سېتىش ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا يەنە كۈندە نەچچە ئون كىشى-
نىڭ كېسىلىنى كۆرۈش، دېمەككە بىر قۇر خەتتەك تۇرغىنى
بىلەن ئەمەلىي شارائىتىمىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، چوڭ تەۋەك-
كۈلچىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنى پەقەت بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ
باققان ياكى بىر تۇتۇق چىرايغا كۈلكە ۋە ئۈمىد بېرەلىگەن ئادەملا
ھېس قىلالىشى مۇمكىن.

مۇمكىن بولسا خاپىلىقلار ئاز بولسۇن، تۇرمۇشىمىز سۈپەت-
لىك بولسۇن، ياشاشنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى، ئادەملىك بۇرچى-
مىزنى ئادا قىلايلى. بەزى خاپىلىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ،
بەزىلىرى تاسادىپىيلىقتىن بولىدۇ، ئەمما كۆپ قىسمى يەنىلا
ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن يۈز بېرىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق سۈنئىي
مەنبەلىك خاپىلىقلار كۆپ يەرلەردە كىشىلەر پەقەت قورۇنۇش،
قورقۇش ۋە پاسسىپ مۇداپىئەلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ، يامان
ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئامىللارنى ئازايتىشقا ماغدۇرى يەتمەي-
دۇ. ئۆزىنى ئۆزى ئەدەبلەيدۇ، بىر - بىرىگە تۇزاق قۇرىدۇ.

مېنىڭچە ئورۇنسىز، ۋاقىتسىز، نورمالسىز خاپىلىقلارغا ئاز ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئۆزى دەل سۈپەتلىك تۇرمۇش ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭ كۆپ ساھەگە چېتىشلىق كىتاب يېزىشىمغا ئاتام ئىسمائىل ئەمەت ئابدۇللانىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان. قالايمىقانچىلىق قاپلىغان ئاشۇ يىللاردا پۈتۈن كەنتتە پەقەت بىز-نىڭ ئائىلىدىلا گېزىت - ژۇرنال، رادىئو بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتلار-دا گېزىتلەرگە «ئىچكى ماتېرىيال، دىققەت بىلەن ساقلانسۇن» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش يېزىلاتتى ۋە بىز ھەر ئىشتىن ئېھتىيات قىلىپ رادىئونى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىپ ئاڭلايتتۇق. ئاتام ماڭا تۆت يېشىمدىن باشلاپ گېزىت ئوقۇشنى ئۆگەتكەنىدى ۋە مېنىڭ سوئال سورۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى. گەرچە ھازىرغىچە بىرەر قېتىم ياخشى ئوقۇساڭ مۇنداق بولىسەن، ئوقۇمىساڭ ئۇنداق بولىسەن دېمىگەن بولسىمۇ، بىراق بىزنى ئوقۇتۇش يولىدا يىلدا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كىيەلمىسىمۇ، لېكىن گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىئودىن ئۈزمىگەن ئاتام ئەسلىدە بىزنى ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ بىل، دەپ بېشارەت بەرگەنىكەن. بۇ گەپلەر قانداقتۇر ئائىلە تارىخىنى سۆزلەش بولماستىن، بەلكى كىتابىمدا ھەقىقىي دېمەك-چى بولغان گېپىمنى، يەنى تەدبىر ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئىنسان-لارنى تەسىرلەندۈرۈش، قىيىنچىلىق ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئىچى-دىن ئاۋۋال روھىي جەھەتتىن قۇتۇلۇشنى ئۆگىنىش لازىم، دې-گەننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مىسال كەلتۈرۈلدى. ئەمدى ئۇشبۇ كىتابنى يېزىشنى يىللار ئىلگىرى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە «ياشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەمىگە» ، «كەسپدارلار سەمىگە» ناملىق كىتابلىرىمنى يېزىشقا يېزىدىكى ئۆيىمىزدە شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئاتا ـ ئانامغا ۋە تۇغقانلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتماقچىمەن. چۈنكى تەسىرلەندۈرۈش ۋە روھ ئۈتكۈزۈش ئىلمىي بېقىش ۋە ھەقىقىي تەربىيلەش ھېسابلىنىدۇ.

ئاخىرىدا، كىتابىمنى تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇنچىلىك يازغانلىقىمنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە بارلىق ئاتا ـ ئانىلارغا بالاڭلارنى ئوقۇتۇڭلار، كەسىپ ئۆگىتىڭلار، قانۇنغا پىششىق بولۇڭلار دېگەننى تەرغىب قىلىمەن. كىتابىمنىڭ مېغىزى بۇ: قىيىنچىلىقلار سىناق ھەم ۋاقىتلىق. روھىڭلارنى ئۈستۈن تۇتۇڭلار.

ئاپتور

2005 ـ يىل 5 ـ ئاي

ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەجرۇھلۇق

تۇغما مەجرۇھلۇق ئاتا ـ ئانا ياكى شۇ جەمەتنىڭ شۇ خىل كېسەللىك تارىخى بارلاردىن پەيدا بولىدۇ. ھادىسە تۇپەيلىدىن بەختسىزلىككە يولۇقۇپ، مەجرۇھ بولغانلارنى كۈتۈش ۋە داۋالاش ئىمكانىيىتىنى شۇ بىمارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەيمىز.

**روھىي ھالىتى**

قانداق سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك پسىخىك ئىپادىلەر كۆرۈلىدۇ:

1. ئۆزىنى ناھايىتى تۆۋەن چاغلايدۇ.

ياشاش قىزغىنلىقى تۆۋەن كېلىدۇ.

2. ئاغرىنىدۇ.

بولۇپمۇ باشقىلار سەۋەبىدىن مەجرۇھ بولغانلار ھەممىشە ئادەملەردىن ئاغرىنىپ، ئۆچمەنلىك، نەپرەت روھىي ھالىتىگە ئۇيۇشۇپ قالىدۇ (ھەممە يېرى ساق، ئەمما روھى مەجرۇھ كىشىلەرمۇ بەك ئاغرىنىدۇ).

3. ياردەم تەلەپ قىلىش ئىستىكىدە بولىدۇ.

گەرچە ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمىسىمۇ، بىراق بىر كىمنىڭ ياردىمى ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ياردەمگە ئېرىشسە تولىمۇ مىننەتدار بولىدۇ.

4. ئۆزىنى قامداپ ئىگىلىك تىكلەيدىغانلارمۇ بولىدۇ.

مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى، پسىخىك ساپاسى ياخشىراق

مەجرۇھلار ئۆزىدىكى روھىي بوپىلارنى تاشلاپ، رېئاللىققا تەن بەرگەن ئاساستا، ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ، ئىنسانىيەتكە كېرەكلىك ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ.

**شەخسىي ئەھۋالى**

1. مەجرۇھلۇق بىر بەختسىزلىك بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەرنىڭ روھىي كۈچى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ.

2. ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەربىيىلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى بولماي قالىدۇ.

3. ئىقتىسادىي ئاساسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

4. ھەقىقىي يېقىنلىرى مۇشۇ مەزگىلدە مەلۇم بولىدۇ.

**پسىخىك مەسلىھەت**

مەجرۇھلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، ئۆزى ۋە قارىغۇچىلار مۇنۇلارغا دىققەت قىلىشى لازىم.

1. مەجرۇھنىڭ روھىي نەپسى، ئىززەت - ئابرۇيى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلاردا ياشاشقا بولغان ئىشەنچنى ئۇرغۇتۇش لازىم.

2. مەجرۇھلۇققا توغرا مۇئامىلىدە بولۇش، بولۇپمۇ روھىي دۇنياسىنى تەكشەپ، ئويلىسىمۇ، قايغۇرسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان رېئاللىققا قارىتا ئۈمىدۋار قاراشتا بولۇپ، بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشنى كۆزلەش لازىم.

3. ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ، كىشىلىك تۇرمۇشنى چىقىشىپ ئۆتۈشكە يۈزلەندۈرۈش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قەرزگە بوغۇلۇش

## روھىي ھالىتى

قەرز بولۇپ قېلىشنىڭ 90% ى ئاز ـ ئازدىن قەرز بولۇش ياكى بىر قەرزنى ئۈزمەي تۇرۇپ يەنە بىر قەرزگە تۇتۇلۇشنى تەشكىل قىلىدۇ. تۇيۇقسىز زىيان تارتىدىغان ياكى قەرزگە بوغۇلۇپ قالىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەرز بولغان كىشى خېلىدىن بېرى روھى تۆۋەن، يۈرىكى ئاجىز، ئىچ ـ ئىچىدىن ھارغىن يۈرگەن بولىدۇ. ئادەملەردىن قاچىدىغان، قاقاقلاپ كۈلەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. تېببىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەرزدارلىقنىڭ بىرىنچى زەربىسى يۈرەككە تېگىدۇ، بۇنداق ئادەمنىڭ پۇت ـ قولى مۇزلايدۇ، بېلى ئاغرىيدۇ، يۈرىكى تىترەيدۇ، تېرىككەك كېلىدۇ، ئاسان ھارىدۇ. بولۇپمۇ روھىي جەھەتتىن ئېزىلىشكە باشلايدۇ. ئائىلىسى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىگە، ياردەمدە بولۇشىغا تەشنا بولىدۇ. «پۇل نەگە كەتتى؟» دېگەن سوئالدىن بەكلا نەپرەتلىنىدۇ. داۋاملىق قورۇق نەسىھەت قىلغۇچىلاردىنمۇ قاچىدۇ، دائىم دەرۋازىسىنى تاقىۋالىدۇ، تېلېفوننى ئېتىۋالىدۇ، يالغان سۆزلەيدۇ.

## يامان تەرىپى

قەرزنىڭ سىرتمىقىغا ئىلىنغان كىشىنىڭ شەخسىي ۋە ئائىلىۋى ئەھۋالى ناچارلىششقا، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ

كېچەكتىن قىسىلىشقا باشلايدۇ، ئادىمەتچىلىكتىن خىجالەت بو-
لىدۇ، مېھماننى خۇشال قىلالمايدۇ. مۇھىمى ئۆگىنىش ۋە بالى-
لارنى تەربىيىلەشكە قۇربى يەتمەيدۇ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ياخ-
شىلاشقا زېھنى قالمايدۇ، ئەھمىيىتىنى بىلگەن ئىشلارنىمۇ
قىلالمايدۇ، ياخشى پۇرسەتلەردىن پايدىلىنالمايدۇ، قەرز بولغان-
سېرى پۇرسەتنىڭ كۆپىيىپ، بىراق ئۇنى تۇتالمايدىغانلىقى ئۆزى-
گە بەكرەك مەلۇم بولىدۇ. قولىدىكى ھۈنەر ـ كەسىپنى قىلىشقا
شارائىت يارىتالمايدۇ، قەرز ئىگىلىرى تولا سۈيلەپ جىسمانىي
جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، ئاسان ئاغرىپ، «نامرات ئا-
دەمگە قىممەت كېسەل چاپلىشۇالىدۇ».

**ياخشى تەربىيە**

قەرزنىڭ ئۆزى كۆپىنچە موھتاجلىقتىن شەكىللىنىدۇ، بە-
زىلىرى ئىسراپچىلىق، بەتقىلىقلىق ۋە خاتا تەدبىردىنمۇ پەيدا
بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۆزىدە ھازىر بار
ئىمكانلار (ئەقىل، كەسىپ ۋە ئائىلە مەدىنىيتى) دىن پايدىلىنىپ،
ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى مۇقىمداپ، ئاندىن قەرز قايتۇرۇش
كېرەكلىكى ئەس ـ ھوشى جايىدا ئادەم ئويلايدىغان تۇنجى ئىش
بولىدۇ ۋە بولۇشى كېرەك. شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا قەرز بولۇش
بىر جەھەتتىن ئادەمنى ئويغا، مەقسەتكە ۋە پىلانغا يېتەكلەيدۇ،
موھتاجلىق ۋە خىجىلچىلىقنى ئەسلىتىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئادەم-
دەك سۈپەتكە يەنى تىرىشچانلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئىسراپخورلۇق
ۋە تەكەببۇرلۇق توغرىسىدا قاتتىق پۇشايمانغا سالىدۇ. ئۆزىنىڭ
ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ زىممىسىدىكى ھەر خىل قەرزلەرنى قانداق
ئادا قىلىش توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشقا زورلايدۇ.

## پىسخىك مەسلىھەت

ئالدى بىلەن قەرزگە بوغۇلۇشنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى ئويلاپ كۆرۈشى لازىم. ئاندىن ئۆزىدىن شەكىللەن-گەن قەرزدارلىقنى تۈگىتىشكە ئېنىق پىلان تۈزۈشى، قەرز ئىگە-لىرىگە ئىلمىي لايىھە ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن كۆرۈنۈپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشى، ئۇلارغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ، جېدەل پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئىقتىدارى يەتمە-گەن ئىشقا ۋەدە بېرىپ ھۆججەت يازماسلىقى، قەرز ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قىلالمايدىغان ئىشلاردا مەيدىسىنى ئۇرماسلىقى كېرەك. ئالغان قەرزنى ئىلىم ئۆگىنىش، بالىلارنى تەربىيىلەش، كىچىك ۋە ئوتتۇرا كۆلەملىك ئىلمىي سودىغا مەبلەغ قىلىش، تاپقان پايدىنى تۇرمۇشقا يېقىن تۇرلەرگە ئىشلىتىش لازىم. قەرز ئىگىلىرىمۇ زۆرۈر بولمىغان شارائىتتا بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشىنى قىستاپ، ئۇنى خەلقى - ئالەم ئالدىدا لەت قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى بۇمۇ بىر تەكەببۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىشسىزلىق

ئىشسىز قېلىش نۇرغۇنلىغان سەۋەبلەرگە باغلىق. بەزىلەر ئىدارىسى، بەزىلەر ئىقتىدارى، كېسەللىكى ۋە باشقا سەۋەبلەردىن ئىش تاپالماي قالىدۇ ياكى ئىشنى يىتتۈرۈۋېتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ئىشسىز قالغان ئادەم ئۆزىنى باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان، ھۆرمىتى قىلىنمىغان ھالدا سېزىدۇ. باشقىلار قا-راپ قويىسىمۇ سىقىلىدۇ، زىل ۋە تېرىككەك بوپ قالىدۇ. سەۋەب-نى باشقىلاردىن ۋە چوڭ - چوڭ سىياسەتلەردىن ئىزدەيدۇ، ھەمىشە ئۆتكەنكى كۈنلىرىنى ئەسلەيدۇ، يېڭىلىق ۋە تېز رىتىم-لىق تۇرمۇشقا كايىيدۇ، يېڭى پىلان ۋە يېڭى يول ئۈستىدە ئىزدىنىشنى «يېڭىلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىق» دەپ ئويلايد-غانلار كۆپرەك بولىدۇ.

**يامان تەرىپى**

ئىشسىز قالغان كىشىنىڭ بىرىنچى زىيىنى روھىي ئازاب بولۇپ، كەينىدىنلا ئىقتىسادىي چېكىنىش ئەگىشىپ كېلىدۇ. پۇلنى كەڭتاشا ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا بىر نان ئالغۇدەك پۇلى قالمايدىغان كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئاي - كۈنلىرى ئۆتنە ئېلىش بىلەن باشلىنىدۇ. تىرىشىپ ئەھۋالىنى ياخشىلىغان-لار بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت يولغا قويغان ئىشسىزلار تۇرمۇش كاپالەت پۇلى تۇزۇمى بارغانسېرى مۇكەممەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىشىپ، ئىشسىزلارنىڭ ئىقتىسادىي يۆلەك يېنىكلىتىلمەكتە. ئەمما ئىشسىزلىقنىڭ يامان تەرىپى دەل كاللىنى يېڭىلاش ۋە ئىلىم ئۆگىنىشنى ئىدىيىسىدىن ئۈتكۈزەلمەسلىكتە.

**ياخشى تەرىپى**

پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەپەككۇرىمىزغا قالدۇرغان ئىزلىرىدىن بىرى، دەل ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەشنى ئۇلۇغ بىلىش ۋە بۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆلگەنگە باراۋەر دەپ تونۇشتىن ئىبارەت. ئەمما بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كېلىۋاتقان رىقابەت ۋە ھەر خىل پۇرسەتلەرنى ھېس قىلالايدىغان، ئۇنىڭ ئادەمنى ھوشيار ۋە تېتىك قىلىدىغان تەرەپلىرىنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزىلا ياخشى تەرەپنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بازار ئىگىلىكىنى «ئىشسىزلىق» سۆزى بىلەن مەنىداش قىلىۋالمىساقمۇ، لېكىن پۇرسەت، ئىش قاتلىمى ۋە ئېھتىياجنىڭ كۆپىيىشى بىر تەرەپتىن ئىش ئورنىنى كۆپەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن قابىلىيىتى تۆۋەن، ئېھتىياج ۋە ئادەم رايىنى بايقىيالمايدىغان ئادەملەرنى ئىشتىن قالدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئىقتىدارى، قابىلىيىتى، ئەقلى ۋە ئىلمى جەھەتلەردىكى پەرقى پەيدا قىلىنىدۇ ياكى بايقىلىدۇ. نەتىجىدە قابىلىيىتى ۋە ئەقلى بارلار ياخشى ياشاپ، ئىقتىدارى ۋە جۈرئىتى يوقلار قاقشاپ ئۆتىدۇ. نۆۋەتتە تەرەققىياتىمىزنىڭ تىپىك بەلگىسىنى كاللىدىكى ئىلگىرىلەش ۋە ئىدىيە ئازادلىقى دەپ قارايمەن. بىرەر قېتىم ئىشسىزلىق، ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىمىغان ئادەمنى راۋۇرۇس ئادەم دېمۇ ئويلىمايمەن.

## پىسخىك مەسلىھەت

ھەرقانداق ئادەم بۇندىن كېيىن ئىشسىزلىق بىلەن قوشنا
بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئىشسىزلىق يالغۇز خىزمەت ئورنىدىن
قېپقېلىشلا ئەمەس، بەلكى خىزمەت ئورنىدا ئەتىۋارلىنىشقا ئېرد-
شەلمەي يۇرۇشمۇ ئەمەلىي ئىشسىزلىققا كىرىدۇ، بىكار پاراڭ
سالىدىغان، ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئىشنى بىلمەي خەلقئارادىن سۆز
ئاچىدىغان، خەقنى ئەخلاقسىز دەپ ئۆز - ئۆزىگە ئىگە بولال-
مىغان... ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىكارچى ياكى ئىشسىز بولۇشى-
مۇ مۇمكىن. «ياشلار سەمىگە» ناملىق كىتابىمدىكى «بىكارچىلار
بۇزۇلۇر» دېگەن ماقالىدە تەپسىلىي توختالدىم. ئومۇمەن، بار
خىزمىتىدىن مەغرۇرلىنىپ داۋاملىق تىرىشماسلىق، ئىشسىز
قالغانلىقىنى باشقىلاردىن كۆرۈپ، زېھنىنى ئۇپرىتىش، تۈگەش-
تىم دەپ تۈگىگەنگە قەدەر ئېسىنى يىغماسلىق، كىچىك ئىشنى
پەس كۆرۈپ قىلماسلىق، ئۆزىنى مىسال قىلىپ، سەبىي باللى-
رىنى ئوقۇتماسلىق، ئەمگەكنىڭ خىجىللىقىنى قەرز ئېلىشنىڭ
خىجىللىقىدىن چوڭ كۆرۈش... قاتارلىقلاردىن قاتتىق پەرھىز
قىلىشى لازىم. ئىش ئىزدەۋاتقان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ ئۆتكەن
ھاياتىنى خۇلاسە قىلىپ، ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى يۈرد-
كىدىن ئېتىراپ قىلىشى، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا تۆۋە
قىلىشى، چىن قەلبىدىن ھالال ئەمگەك بىلەن ئائىلىسىنى كۆ-
چەيتىشكە ۋەدە بېرىشى، ئىسراپچىلىق، مەنمەنلىك ۋە مەرىكىۋاز-
لىقتىن يالتىيىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئەمىلىدىن ئايرىلىش

ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى ئامىللار تۈپەيلىدىن مەلۇم ئە-
مەل ـ مەنسەپ ياكى تەسىر كۈچىدىن ئايرىلىشنى كۆرسىتىدۇ.
سەۋەبكار ئامىللار ئىچىدە سالامەتلىكى يار بەرمىگەن، ئائىلىسى
قوشۇلمىغان تەرەپمۇ بولىدۇ. رىقابەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك بېسى-
مى، مەنپەئەت گۇرۇھىنىڭ ھۇجۇمى سەۋەب بولۇشىمۇ، يۇقىرى-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى كۆرسەتمىسى رول ئوينىغان بولۇ-
شىمۇ مۇمكىن.

## روھىي ھالىتى

شۇ ئورۇندا قايتىدىن نوپۇز ۋە كۈچ ساھىبى بولالمايدىغانلى-
قىنى ئويلاپ، قاتتىق روھىي تەڭپۇڭسىزلىققا گىرىپتار بولىدۇ.
ھەسەت، غەزەپ، پۇشايمان، بىئارامچىلىق ۋە نارازىلىق بۇ كى-
شىگە كېچە ـ كۈندۈز چاپلىشىۋالىدۇ، ئاسان تېرىكىدۇ، باشقى-
لارنى كوچىلايدۇ، ئورنىغا چۈشكەن كىشىگە قەستەن قىيىنچى-
لىق تۇغدۇرىدۇ، ھەتتا گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ تەتۈر شامال چىقى-
رىدۇ.

## يامان تەرىپى

بۇيرۇق ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا چۈشۈرۈۋېتىلگەن كىشى
تەبىئىي پېنسىيىگە چىققان كىشىگە قارىغاندا دەسلەپتە تۇرمۇشتا
قىيىنچىلىق ۋە يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ. تۇرلۇك ئالاھىدە تەمى-
ناتلىرى بىكار قىلىنىدۇ، بەزىدە ئارام ئېلىشقا يول قويۇلماي،

ھەر خىل سوئال ـ سوراقلارغا قىلىشى، ھەتتا تۇرمىگە كىرىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن.

**ياخشى تەربىيە**

قانداقلا سەۋەب بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن ياكى تۇيۇقسىز ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلسۇن، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئاپەت ياكى زىيانلىق بولۇشى ناتايىن. لىللا پىكىر قىلىنىدىغان بولساق، ئەمەلدارلار تۇتقان كىشى ھوقۇقى بار چېغىدا ھەرقانچە پاك بولسىمۇ، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن تۇرلۇك قولايلىقلار ۋە ئىمتىيازلاردىن پايدىلانغان بولىدۇ. شان ـ شەرەپ، ماشىنا، تېلېفون، ئالاھىدە تەمىنات، ئۆي، ئۇنۋان، پەرزەنت تەربىيىسى... جەھەتلەردە يەنىلا نىسبەتەن ئەلا ئورۇندا تۇرغان، ماختاش ۋە خۇشامەتلەردىن ھۇزۇرلانغان بولىدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ كىشىنىڭ شۇ ئىدارە ياكى ساھەدە ئالىدىغان ھەققىمۇ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ كىشىلەرنىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمىتىمۇ ئانچە بىخەتەر ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ خىل ھالەت يەنە بىر قىسىم كىشى ياكى مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ كۆزىنى قىزارتىدۇ. شۇڭا تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ چۈشكەندە كۆپ ئاھ ئۇرماسلىق، ئۇنىڭ ھامىنى يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەن ئېلىش لازىم. كىم بىلىدۇ، سىزنى ئۆرۈگەن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ـ ئۆزى لەت قىلىشقا ئالدىرىغانلار بولۇپ قالامدۇ تېخى، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تارىخىي ساۋاقلار بار.

**پىسخىك مەسلىھەت**

ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان كىشىلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان مەغلۇبىيەت، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش ۋە نارازىلىق كەيپىياتى ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىنىڭ «ئەمەل ـ مەنسەپكە تاۋاپ قىلىش» دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىشىدىن شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئا- زابنى ئەسلىدە ئۇ كىشى ئۆزى يوغىنىتىۋالغان بولىدۇ. ئۆزىمىز- نى تۇتۇۋېلىپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بىز ھەر بىرىمىز ئانىمىزدىن تۇغۇلغان چاغدا ئەمەل - مەنسەپ، داچا - ساراي، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئاشنا - ئاغىنىلەر بىلەن كەلگەن ئەمەس. ئەمەلنى بەرگەنلەر تارتىۋېلىشنىمۇ بىلىدۇ. تارتىۋالغانلارمۇ بىر كۈنى تېخىمۇ كۈچلۈك گۇرۇھلار تەرىپىدىن يىقىتىپ تاشلىنىشى مۇمكىن. ئىشلىرى كۆنسېرى راۋاجلىنىپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەملەر باشقا بىر جەھەتلەردىن قوپالماس ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ئېھتىمال. شۇڭا ئەمەلدىن قالغىنىنى ئۆلگەنلىك دەپ چۈشىنىدىغان نادانلىقنى كاللىسى مۇرىسىنىڭ ئۈستىدە بار ئادەملەر ھەرگىز سادىر قىلماسلىقى لازىم.

# قىيىنچىلىقتا قېلىش

مەيلى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، روھىي قىيىنچىلىق ياكى ئىجتىمائىي پالاكەتلىك بولسۇن، كىشىدە پەۋقۇلئاددە مەغلۇبىيەت، جاپا ۋە چارىسىزلىق ھېس قىلدۇرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى قىيىنچىلىقتا قېلىشقا كىرىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

بۇ ۋاقىتتا چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ روھى بوۋاقتەك ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئاسانلا پىسخىك كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە دەمال پۇل تاپمىسا ھايات ۋە پۇرسەت قولدىن كېتىدىغان ئىشلاردا نامراتلىقنىڭ قاتتىقچىلىقىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلمىسە، باشقا بىرى ئۇنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا خەلقىمىزدە «دۇنيادا نېمە قاتتىق؟ نامراتلىق» دېگەن ماقال بار.

**يامان تەرىپى**

قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئادەم ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىدۇ، گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ، پەرقلەندۈرۈش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلىشىپ، نېمە دېسە ۋە نېمە قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. كۈندۈز تۈرۈپمۇ يولنى، ئىنسان تۇرۇپمۇ ئوك - سولنى پەرق ئېتەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ئاچ قالىدۇ، كىيىم - كېچەكى ناچارلىشىدۇ، قەرز ئىگىلىرى سۈيلەپ ئولتۇرغۇزمايدۇ، ئۆيدە ئۇن - ياغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆگەيدۇ، باللار ئوقۇشسىز قالىدۇ، ئېرى (ئايالى) دىن دەشنام يەيدۇ، ئاجرىشىدۇ، تۆھمەتكە قالىدۇ... جاھاننى يامانلىق، ۋەھشىيلىك ۋە ئىنساپسىزلىق قاپلىغاندەك ھېس قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزۈندىن بۆيان «ياخشى» دەپ ئويلىغان ئادەمدىن ئۈمىدسىزلەنگەندە تېخىمۇ شۇنداق، بەزىلەر بۇ ئەھۋالدا جىنايەت يولىغا مېڭىپ قېلىشى مۇمكىن.

## ياخشى تەرىپى

قىيىنچىلىقتا قېلىش كۆپىنچە ئەھۋاللاردا روھىي دۇنيا تەرىپىدىن سېزىلىدىغان ياكى شەكىللەندۈرۈلىدىغان بىر تۇيغۇ بولۇپ، ئاچ قېلىشنى ھېساب قىلمىغاندا، شۇ كىشى پەرەز قىلغاندەك ئۇنچىۋالا ئېغىر ئىشمۇ ئەمەس. يەنى «بىز تۈگەشتۇق» دېگىنىمىز بۇندىن كېيىن ئىستىقبالىمىز بولمايدۇ، دېگەن ئۈمىدسىز قاراشتىن چىقىرىلغان يەكۈن بولۇپ، ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىشنى كۆرسەتمەيدۇ. كۆپىنچىسى كەلمىگەن ئىشلارنى چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، دەپ بېكىتىۋېتىشتىن ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇ كىشىنىڭ ھايات تۇرغىنى ۋە ئويلىيالىغۇدەك كاللىسى بارلىقىنىڭ ئۆزىلا تېخى نۇرغۇن پۇرسەتلەرنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىيىنچىلىقتا قېلىش - ھەرقانداق ئىنساننىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەر خىل خاپىلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتالمىسى بولۇپ، مەلۇم تەبىقىلەر بەختلىك، مەلۇم تەبىقىلەر بەختسىز دېيىشكە ئىمكان قويمايدىغان روھىي ۋە جىسمانىي ئازابلىنىشنىڭ يىغىندىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە گەپ قايسى ئىشلارنى قىيىنچىلىق دەپ تونۇشتا، بەزىلەر توقلۇقنى خالىسا، بەزىلەر مېھماندارچىلىقتىن قېچىپ يۈرۈيدۇ. بەزى-

لەر بىخەتەرلىككە موھتاج بولسا، بەزىلەر كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئورۇۋېلىشىدىن زېرىكىدۇ ۋەھاكازا. يەنە ئېيتساق، ئادەم قىيىن- چىلىقتا قالغاندا ئۆزىنى، ئۆزگىنى چۈشىنىشكە پۇرسەت تاپىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك مەنىۋى ۋە ماددىي دەسمايىسى بارلى- قىنى ئاندىن دەڭسەپ چىقالايدۇ. ئۆزىنىڭ زادى نېمىگە ئېھتى- ياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ، ئېھتىياج بايقالغاندا بولسا ھەركىم بار كۈچى بىلەن ئۇنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

ئەگەر ئىلىم ئۆگىنىش، قالايمىقان ۋە ئاساسسىز گەپ قىل- ماسلىق، تېخنىكا تۈرلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىقلار قىيىن- چىلىق بىزگە بەرگەن دەرس بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بول- دۇ.

### يامان تەرىپى

رايونىمىز كىشىلىرى ۋاقىت قارىشىنىڭ سۇس بولۇشى، نامرات ئىكەنلىكىنى بىلمەي قانائەت بىلەن ئويناشنى بىرلەشتۈ- رۈۋېلىشى، ئۆزىنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى، باشقا ئەل ۋە مىللەتلەرنى تۆۋەن ۋە ئەخلاقسىز پەرەز قىلىشلىرى ... قاتارلىقلار قىيىنچىلىقتا قېلىشنىڭ يۇقىرى چېكى بولغان تەپەككۇر ئاچارچىلىقىدىن ئارىيىلەر ھېسابلىنىدۇ. يامان تەرىپى بۇنىڭدىنمۇ يامان بولىدۇ.

### پسىخىك مەسلىھەت

قىيىنچىلىقتا قالغان كىشىنىڭ پسىخىك تاقابىل تۇرۇش كۈچى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولغاچقا، نېمە قىلارىنى بىلمەي تەدبىرسىز ۋاقىتنى زايە قىلىشتىن ياكى رادىكال ھەرىكەت بىلەن تېخىمۇ چوڭ خاپىلىقا دۇچار بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆ-

ۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى لازىم:

1. ئەستايىدىل ۋە مۆتىدىل مەيداندا تۇرۇپ، قىيىنچىلىق-نىڭ ئەسلى يىلتىزى بىلەن مۇشۇ قىيىنلىق خاپىلىقنىڭ مەنبە-سىنى تېپىپ چىقىش ھەمدە دەسلەپتە نۆۋەتتىكى قىيىن ئەھۋال-دىن قۇتۇلۇشقا تەدبىر ئويلاپ چىقىش لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىل-ماي ئەسلى سەۋەب دەپ خەلقئارالىق ياكى دۆلەتلىك سىياسەتلەر-دىن ياكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىدىن مېنىڭ مۇشۇ ئەھۋالىم شەكىللەندى، دەپ ئاغرىنىدىغان بولساق، مۇشۇ بىر نەچچە كۈنلۈك ياكى ئايلىق خاپىلىقنى ھەل قىلالماي قالماستىن، بەلكى روھىي بوپىنى تېخىمۇ چوڭايتىپ يۈدۈۋالغان بولىمىز.

2. مەغلۇبىيەت بىلەن مەغلۇپ بولغۇچى دېگەن ئىككى ئۇ-قۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋالماسلىق لازىم. ئالدىنقىسى ھەركىمدە، ھەرقاچان پەيدا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تۈزىتىش، تولۇقلاش ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش پۇرسىتى يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ. مەغلۇپ بولغۇچى دېگەنلىك، پۈتۈن ئۆمرى ئەھمىيەتسىز ئۆتتى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۆزىنى ئالدىراپ مەغلۇپ بولغۇچى دەپ قارايدىغانلار تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە مەغلۇپ بولغۇچىلار ناھايىتى ئاز، مەغلۇبىيەت كۆپرەك بولىدۇ. غالىب-لارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان مەغلۇپ بولغۇچىلار قاتارىغا كىرىپ بولغان بولۇپ، ئۆزىنى بىلەلمەي كۆرەڭلىگەنلىكىلا قالىدۇ، خا-لاس. شۇڭا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، كىبىرەكسىز ھېسابلاش، كۈچلۈك كۆرۈنگەنلىكى كىشىلەرنى غالىب ھېسابلاپ ئىچىدە ئا-زابلىنىش... قاتارلىق ئورۇنسىز خىياللاردىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ چىقىشى لازىم.

3 . ئۆزىدىنمۇ تۆۋەن شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلارغا سېلىشتۇ-
رۇپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىشتەك ئەخمەقلىقنى سادىر قىلماي،
ئالغا بېسىشقا نىيەت قىلىشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇھەببىتىدىن ئايرىلىش

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇھەببەتلىشىش ئاساسلىقى بىر نەچچە كىلومېتىر دائىرىدىكى ئادەملەر رايىدا يۈز بېرىدىغان پسىخىك يېقىنلىشىش بولۇپ، يىراقتىكى بىرەرسىنى ياخشى كۆ-رۈپ قېلىش ۋە كىنو ياكى كىتابلاردىكى جەريانلارغا قاراپلا مۇ-ھەببەت تۇتۇش كەم ئۇچرايدۇ.

**روھىي ھالىتى**

1. ئازابلىنىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئاسانلا غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىككە ئاي-لىنىدۇ. بولۇپمۇ تۇيۇقسىز مۇھەببىتىدىن ئايرىلىشقا دۇچ كەل-گەندە دەسلەپتە قاتتىق ئازابلىنىپ، ئۇندىن كېيىن ئۆزىنى ئەڭ كېرەكسىز ۋە ئۇۋال قىلىنغان ھالەتتە ھېس قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھالەتتە ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا توغرا مەسلىھەت بەرمەي كۆش-كۈرتسە ياكى ئەيىبلىسە، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ياكى سابىق مۇھەببىتىنى ئۆلتۈرۈشى ياكى زەخىملەندۈرۈشى مۇمكىن، ھەتتا ئورۇنسىز گۇمان بىلەن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىمۇ مۇمكىن.

2. ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ.

مۇھەببىتىدىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى بىر خىل پسىخىك توسالغۇغا گىرىپتار بولغان بولغاچقا، «ئالدانغان، ئەخمەق قى-لىنغان، ئىشى بۇزۇۋېتىلگەن، تارتىۋېلىنغان» دېگەن ئىدىيە بۇ كىشىدە ھەمىشە سەۋەبنى 2 ـ ياكى 3 ـ كىشىدە كۆرۈش

سەۋداسىغا پاتقۇزۇپ قويىدۇ. بۇ چاغدا ئەڭ رادىكال ھەرىكەتلەر بىلەن باشقىلارنىڭ چىرايىنى بۇزۇۋېتىش ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشتەك قەبىھ قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. بەزىلىرى ئۆزىنى قوشۇپ نابۇت قىلىدۇ.

3. ئۆزىنى ئىنتايىن پەس كۆرىدۇ.

«ئەمدى ياشىغاننىڭ نىمە كېرىكى» دەپ ئويلاپ، ئادەمدىن قاچىدىغان، باشقا مۇھەببەت تۇتۇشقا ئۇنىمايدىغان، يالغۇز يۈرۈيدىغان بوپقالىدۇ. قەبرىستانلىق، يار بويى ياكى كۆل بويلىرىدا يۈرۈيدۇ، بەزىلىرى توي قىلىپ كەتكەن يۈرگىنىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئۆزىنى بەك بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ ئويلايدۇ. ئېغىرلىرىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. رايونىمىز ياشلىرىدا مۇھەببەتكە دائىر ھېكايىلەر ۋە پاجىئەلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدا، ئەينى مۇشۇ روھىي ھالەت تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

4. ئاسان تېرىكىدۇ.

بىرەر ئىش ياكى گەپلەرنى ئۆزىگە ئېلىپ ئاسان ئاچچىقلايدۇ. يات جىنسلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ، زېھنىنى يىغىپ كەسىپ قىلمىغاچقا، نېمىلا ئىش قىلسا تەتۈرىگە يانىدۇ.

**يامان تەرىپى**

1. كەسىپنى ياخشى ئىشلىيەلمەيدۇ، ئۆگىنىش خۇشياقمايدۇ.

2. كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماي، ئۆزىنىڭلا دۇنياسىدا يۈرگەچكە، باشقىلار ياقتۇرمايدىغان بوپقالىدۇ.

3. روھىي تەركىدۇنياچىلىقتا يۈرۈپ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چېكىنگەچكە، ئىقتىسادىي تەرەپتىن بارغانسېرى نامراتلىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ياخشى تەربىيى

بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ۋە سادىق ھەمراھ تېپىلىپ قېلىشى ياكى مۇھەببىتىدىن ئايرىلىش سەۋەبىدىن كەسپكە بېرىلىپ، نەتىجە قازىنىشى مۇمكىن. ئومۇمەن يۈرگەن ئادىمىدىن ئايرىلىشنى ئاخىر زامان ھېسابلايدىغان ئايرىم ياشلارغا بۇ بىر دەرس بولغۇسى.

## پسىخىك مەسلىھەت

1. ھەممە ئادەمدىن گۇمان قىلىپ ياكى يۈزۈم چۈشىدۇ دەپ سىقىلىپ يۈرمەي، ئۆزىنىڭ روھىي ئازابىنى بىرەر يېقىنىغا سۆزلەپ دەردىنى تۆكۈۋېلىشى لازىم. مۇھەببەت جەريانىنى تەپسىلىي يېزىپ چىقسىمۇ، ھاردۇقى ياكى دەردى چىققاندەك بولىدۇ.

2. ئايرىلىش ئازابىدا پۇچۇلىنىپ يۈرگەندىن ئۆزى قىزىقىدىغان بىرەر ئىشقا ھارغۇدەك بېرىلسە، شۇ ئىشتىن خۇشاللىق تاپالىسا، دەردى خېلىلا يېنىكلەپ قالىدۇ.

3. ئۆزىگە تەسەللىي بېرىشى لازىم. دۇنيادا سولاشمايدىغان گۈل، ئۆچمەيدىغان ئوت، تارقالمايدىغان سورۇن بولمايدۇ، قېرىمايدىغان ئادەممۇ يوق. ھەددىدىن ئاشقان غەم - غۇسسە ۋە قايغۇ - ھەسرەت ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئويلىنىشى، بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى قايتا لايىھىلىشى لازىم. بەك يېلىنىپ، خەق خالىمىسىمۇ ياخشى كۆردۈم دەپ ئېسىلىپ توي قىلغانلار ئاسانلا ئايرىلىپ كېتىدۇ. بەزىدە كۆزى قىيماي ئايرىلىشمۇ بەلكىم پۇرسەت ۋە قۇتۇلۇش بولۇشى مۇمكىن.

4. ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە بەدەننى تازىلىتىپ، بۇزۇلغان ماددىلارنى چىقىرىۋەتسىمۇ، ئەسەبىي ياخشى كۆرۈشنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

# تۇرمىگە چۇشۇپ قېلىش

تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن تۇرمە ياكى سوراقلارغا چۇشۇپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمە ھەر قانداق دۆلەت ۋە رايوندا مەۋجۇت بولۇپ، شۇ جايدا تۇزۇلگەن قانۇن ۋە بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان دەپ قارالغان كىشىلەر سوراققا تارتىلىدۇ، قامىلىدۇ ياكى كېسىم بىلەن تۇرمىدە ياتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

1. پۇشايمان، خىجىللىق ۋە قورقۇش ئارىلاشقان روھىي ھالەتتە بولىدۇ. كۆپىنچە گۇناھكار توختىتىپ ياكى قاماپ قويۇلغاندىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، خېلى مەزگىلگىچە يىغلاپ چىقىدۇ، ئائىلىسىنى ئويلاپ خىجىل بولىدۇ. گۇناھىنى يۇيۇش ئىستىكى كۇچلۇك بولىدۇ.

2. پۇرسەت تېپىپ خىزمەت كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. بەزى گۇناھكارلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىتى ۋە قىلمىشىنىڭ ئەكسىچە، ياخشىلىق ۋە قەھرىمانلىقنى ئىپادىلەپ، باشقىلارنى قۇتقۇزىدۇ، ياردەم قىلىدۇ، يامان ئىش ۋە ئادەملەر بىلەن كۇرەش قىلىدۇ.

3. ھۆرمەت، ئىشەنچ ۋە غەمخورلۇققا موھتاج بولىدۇ. ساقچى ۋە تۇرمىداشلىرىغا ئۆزىنىڭ ئەسلىدە ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆتمۇشتىكى ئىشلىرىنى يۇزىگە سېلىپ خىجىل قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### يامان تەرپى

تۇرمىگە كىرگەن كىشىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى شۇ كۈندىن باشلاپ ئازىيىدۇ ياكى يوقىلىدۇ. ئائىلىسى قىيىنچىلىق، خىد- جىللىق ۋە ئازابقا قالىدۇ، تونۇش ـ بىلىشلىرى قاچىدۇ، روھىي بايلىقىدىن ئايرىلىدۇ، ئۆگىنىش پۇرسىتى قولدىن كېتىدۇ ياكى كېچىكىدۇ، قىممەتلىك زېھنى ۋە بىلىمى زايە بولىدۇ.

### ياخشى تەرپى

ھەممىلا كىشىنى تۇرمىگە كىرمىسە، ياخشىلىق، ھۇزۇر ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ دېمىسەكمۇ، بىراق تۇر- مىگە كىرىپ قېلىش 100% زىيان بولىدۇ، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھالغا چۈشكەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى قايتا ئەسلەپ چى- قىشقا ۋاقىت تاپقان بولىدۇ. چۈنكى كۆپىنچە كىشىلەر ئالدىراش يۈرۈپ، ئالدىغىلا قاراپ، ئۆزىنىڭ باسقان ئىزلىرى توغرىسىدا كەڭتاشا جەمئىيەتتە ۋاقىت چىقىرالماي يا ئۆزىنى چۈشەنمەي، يا باشقىلارغا ۋاقىت ئاجرىتالماي ئۆتىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى ياخشى ئادەم بولاي، قايتا خاپىلىقتا قالماي دېسە، تۇرمىدىكى ئەمگەك ۋە مەشغۇلاتتىن ئاشقان بىكار ۋاقىتلاردا ئۆزى ۋە ئائىلىسى توغ- رىسىدا قايتا ئويلىنىپ، نېمىلەردىن، كىملەردىن يىراق تۇرۇپ، قايسى ئىشلاردا دىققەت قىلىشنى بىلىۋېلىشى لازىم. ئۆزىدە ئىل- گىرى بار بولغان تەكەببۇرلۇق، تېرىككەكلىك ۋە دىل ئازارلىرى- دىن قول ئۈزۈشكە نىيەت قىلىپ، ئۆزىنى جەمئىيەتكە ماسلاشتۇ- رالايدىغان ھەمدە جەمئىيەتتىن ئىللىقلىق ۋە مەنپەئەت ئالالايدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە روھىي تەييارلىق ھازىرلىشى لازىم. ھازىرقى تۇرمىلەردە مەلۇم دەرىجىدە تۈزۈملەشكەن ئۆگىنىش شارائىتى بار بولۇپ، ئىلگىرى تەجرىبىچىلىك بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزگەن گۇناھ-

كارلار بۇ يەردە ساقچىلارنىڭ يېتەكلىشىدە تىل ۋە تېخنىك بىلىم-لىرىنى ئۆگىنىشىنى لازىم. يەنى يامانلىقنى ياخشى تەرەپكە ئايلان-دۇرۇشى كېرەك. يەنە بىر ئەسكەرتىدىغان ئىش شۇكى، قامالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىقتىسادىي، جىنسىي جىنايەتچىلەر، زەھەر ۋە ئادەم سېتىشتەك رەزىل گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولۇشى ناتايىن. ئايرىم ئەھۋاللاردا چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان شارائىتتا تۇرمىگە كىرىپ قېلىشى، تۆھمەت بىلەن ئاقلىنىشقا ئىسپات تېپىلماي يېتىپ كېتىشى، بەزىلەر ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى تۈپەيلى-دىن تۇرمىگە چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەھۋاللاردا ئۇنچى-ۋالا ئاھ ئۇرماي، تەن ۋە روھ جەھەتتىن چېنىقىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ساغلام تۇرۇشىنىڭمۇ پايدا ئالغانلىق بولىدىغانلىقىنى بى-لىشلىرى لازىم.

پسىخىك مەسلىھەت

1. رېئاللىققا تەن بېرىپ تەربىيىنى قوبۇل قىلىشى، ھېچ بولمىغاندا ۋەزىيىتىنى ئىجرا قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ساق-چىلار بىلەن ئورۇنسىز جېدەللەشمەسلىكى لازىم.

2. ئۆزىدە بار يامان پسىخىكىلاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ، سەۋەبنى ئۆزىدىن كۆرۈشكە ئادەتلىنىشى لازىم. ئۆزىنى تۈگەش-كەن دەپ خىيال قىلىشمۇ، شارائىت يار بەرگەندە مەلۇم ساقچى ياكى كىشىدىن ئۆچ ئېلىشنى ئويلاشمۇ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.

3. ئۆزىمۇ، ساقچىلارمۇ «ئوخشاش ئادەم» لىك خۇسۇسى-يىتى بىلەن ئۆزئارا ھاقارەت قىلىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىش كېرەك. بولمىسا تەكرار جىنايەت ئاۋۇپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېتىملىك

بۇ، ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى ئۆگەپ كەتكەن بالىلارنىڭ قىسمىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە پسىخىك كېسەللىكلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بولۇپمۇ كىچىكىدىن يېتىمچىلىكتە ئۆسكەن بالىلارنىڭ روھى تۆۋەن، جۇرئىتى يوق، يۈرىكى كىچىك، سۆزى بوش، پۇت ـ قولى مۇزدەك، چىرايى سولغۇن، چىچى شالاڭ، كىيىمى رەتسىز، ھەرىكىتى ئاستا، جىمغۇر، تارتىنچاق، قېيدىغاق بولۇپ قالىدۇ. مەسلىھەت ۋە كۆرسەتمىسىز ئىش قىلالمايدۇ، ئۈنلۈك سۆزلەپ، ئىشنى كەس-كىن بېجىرەلمەيدۇ، تاماق يېيىشتىنمۇ قورۇنىدۇ، ھەر دائىم باشقىلارغا تەلمۈرىدۇ، بىراق ئەركىن ئارىلىشالمايدۇ.

**يامان تەرىپى**

تۇرمۇشتا توق، تەپەككۇردا ئەركىن بولالمىغان ھەرقانداق ئادەمنى يېتىم بالىلارنى قىياسلاپ چۈشەنسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئائىلە مۇھەببىتىگە قانماي، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىقىغا تويماي چوڭ بولغان بالىدا بىر خىل جەمئىيەتكە قارشى تۇيغۇ ۋە ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋە كەلگۈسىگە يوشۇرۇن ئاپەت كەلتۈرىدۇ. تاماق، كىيىم ـ كېچەك، خىراجەت، دەرسلىك ماتېرىيال، قاتناش

قورالى قاتارلىقلاردا روشەن تۆۋەن هالدا تۇرغان يېتىم باللاردا مۇئەييەن دەرىجىدە تەپەككۇر ئاجىزلىقى، مۇناسىۋەت قارىغۇلۇقى ۋە ھەرىكەت توسالغۇسى پەيدا بولغاچقا، ئىجادچانلىق، تەۋەككۈلچىلىك ۋە سىناپ بېقىش ئارزۇسى كۈندە، سائەتتە كېلىشۋاتقان روھىي ۋە ئىقتىسادىي زەربە تۈپەيلىدىن تەكرار ـ تەكرار نابۇت بولىدۇ. ناچار پسىخىكا ۋە يېتەرلىك تەربىيە ئالالماسلىق نەتىجىسىدە كۆرۈلۈۋاتقان تۇرلۇك ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر ۋە جىنايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاتا ـ ئانىسى ئىناق بولمىغان ياكى ئاجرىشىپ كېتىپمۇ زىددىيىتى تۈگىمىگەندەك ئائىلە پەرزەنتلىرى «كۆتۈرەگە ئېلىشۋالىدۇ». بەزى باللار بەختسىز قالغانلىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، ئاتىسى ياكى ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى، يامان خۇي يۇقتۇرۇۋېلىپ، زەھەرگە ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ھېچقانداق ياخشى تەرىپى يوق.

**پسىخىك مەسلىھەت**

1. زىددىيەتكە پېتىپ قالغان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئاتا ـ ئانا باللار ئالدىدا تىللىشىش ۋە ئۇرۇشۇشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىشى لازىم. چۈنكى يامان كەيپىيات ۋە يامان تۇيغۇمۇ يۇقۇشچانلىققا ئىگە.

2. باللارنى «دۈشمەن تەرەپ» كە ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان، ئاچچىق گېپىنى توشۇپ بېرىدىغان قورال قىلىۋالماسلىق لازىم. چۈنكى قارشى تەرەپكە ئېيتىلغان «ئوق» ئالدى بىلەن بالىنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئاندىن «نىشان» غا يېتىپ بارىدۇ. بۇنداق مۆلچەرلىگۈسىز زىيان تارتىپ تۇرۇپ، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىۋالغىنىنى پايدا ئالدىم دەپ تونۇيدىغان گۆدەك ئاتا ـ ئانىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىزدە كۆپ بولسا، كەلگۈسىمىز خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا «ئاڭلىمىدى دېمەڭلار تامنىڭمۇ قۇلىقى بار، كۆرمىدىمكىن دې-مەڭلار، تورۇسنىڭمۇ كۆزى بار» دېگەننى ئەستە تۇتۇپ، تىرىك ۋە مەسۇم جانلار ئالدىدا ئۆزلىرىنى زوتال، باللارنى مەجرۇھ قىلماسلىقلىرى شەرت.

3. تۇگەپ بولغان ئىشنى تەگىمەي، يېڭى دادا ياكى يېڭى ئانا بالىنى يۈرىكىدىن قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردا ياشاش ۋە ئۆگىنىش تۈيغۇسىنى ئويغىتىشى، ئائىلە ۋە باللارنى مۇھەببەت بىلەن ياشىنىتىشى لازىم. ئۇلارنى يۈرەكلىك هالدا ئويلاشقا، ئىشلەشكە يېتەكلىشى، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ، چىقىشىپ ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۇرۇشى، باللارنىڭ ئاغىنىلىرىنى هاقارەتلىمەسلىكى، ئۆزىگە خاس خاراكتېر يېتىلدۇرۇشكە تاقەت قىلىشلىرى كې-رەك. يات ئادەملەرگە مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ پۇل خەجلىيەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنىڭ بالىسىنى ئۆچ كۆرۈپ، نەچچە تەڭگىلىك تاماق ۋە كىيىمدىن قىسىشى، بىكار-لىق كۈلكىسى ۋە ياخشى گېپىنى ئايىشى دۇنيادىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ۋە يەر شارى دۇچ كېلىۋاتقان خەتەرلەر ئالدىدا تولىمۇ ئاددىي، تولىمۇ پەس ئىشلار هېسابلىنىدۇ. ئادەمگە، باللارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، ئۇلارغا ئىللىقلىق ۋە ئىلىم يەتكۈزۈش جەھەتلەردە داڭ چىقارغان ئەجدادلارنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا ئۆزى-نىڭ بالىسىغا مېھرىبانلىق قىلىش ۋە ئۇنى قاتتىق تۈزۈمدە ئىلىم ئۆگىنىشكە سېلىشنى مىللىتىمگە ياخشىلىق قىلىۋاتىمەن دەپ هېسابلاش — نۆۋەتتە هەرقانداق دوكتور ۋە يۇقىرى مەنسەپلىك كىشىلەرمۇ بىلىپ قويۇشقا تېگىشلىك زامانىۋى سۈننەتلەردىن

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4. مەدەنىي پائالىيەتكە ۋە قىزىقىشقا ماس كەلگەن ئىشلارغا قاتناشتۇرۇپ، بالىلاردىكى بىكارچىلىق، ئاچچىق گەپ ۋە دەش-ناملاردىن شەكىللىنىدىغان مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاپ تۇرۇشقا ھەرقانداق چوڭ ئادەممۇ مەبلەغ سېلىشى، ۋاقىت ئاجرىتىشى ۋە بۇ ئىشلارنى ئىگىلىك تىكلىگەنلىك دەپ تونۇشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يۇرتىدىن ئايرىلىش

خىزمەت، ئۆگىنىش سەۋەبىدىن يىراق شەھەر ـ يېزىلاردا تۇرۇپ قېلىش، يېزاق ـ قىشلاقلارغا ياردەمگە بېرىش، ئوقۇشقا كېتىش، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆز مەھەللىسىدە تۇرالماي، يۇرتىنى تاشلاپ سەپەرگە مېڭىش... قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدىغان جىسمانىي ۋە روھىي ئايرىلىشنى كۆزدە تۇتىمىز. يەنە مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنىڭ زورى بىلەن يۇرتىدىن، تۇغقانلىرىدىن مەھرۇم بولىدىغانلارمۇ بار.

**روھىي ھالىتى**

1. ناھايىتى كۈچلۈك يۇرت ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنى مىنۇت، سېكۇنت ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بولۇپمۇ ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى شۇنداق. ئۆز يۇرتىدىن، تۇغقان ياكى مەھەللىداشلىرى كەلسە ناھايىتى خۇش بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا يەرلىك شىۋىدە سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئۇچراپ قالسىمۇ خۇشال بوپقالىدۇ. بۇ تۇيغۇ تۇرپان ۋە خوتەن كىشىلىرىدە ناھايىتى گەۋدىلىك.

2. ئۆزى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، تۇرمۇش ئادىتى، تۇرمۇش رىتىمى ۋە كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشىغا كۆنەلمەي، سىقىلىش، زېرىكىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ، بەزىدە قورقۇش، مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇش تۇيغۇسىغا كېلىدۇ.

3. يۇرتىغا، ئائىلىسىگە قايتىش ئىرادىسى كۈچىيىدۇ، ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىدۇ.

**يامان تەرىپى**

يۇرتىدىن ئايرىلغان كىشى مەلۇم مۇددەت روھىي جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرايدۇ، ئەسلىدە تۈزۈۋالغان شەخسىي پىلانلىرى ۋاقىتلىق ياكى مەڭگۈلۈك بۇزۇلغان بولىدۇ، قىسمەن-لىرى ئۆگىنىش پىلانىغا، بەزىلىرى تۇرمۇش پىلانىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىسە، رېئال بولماي قالىدۇ. ئايرىملىرى ھەتتا بىر ئۆمۈر ھاياتلىق ۋە ئىش ئۈچۈن ماشىنا ئادەمدەك بولۇپ كېتىدۇ، بالىلىرىدىن، ئەر (خوتۇنىدىن) ئايرىلىش، مال - مۈلكى قول-دىن كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنلەر تولىمۇ بىچارە بولۇپ كېتى-دۇ.

**ياخشى تەرىپى**

مۇساپىرلىقنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ بار. نۇرغۇن ئادەم ئۆ-زىنى ۋە ئۆزى تۇرۇۋاتقان شارائىتنى قەدىرلىمەي، ئۆزى قىلالاي-دىغان ئىشلارنى ھەمىشە باشقىلاردىن ئاغرىنىپ ئۆتكەن بولسا، باشقا يۇرت ۋە باشقا تۇرمۇش قاتلىمىدىكى كىشىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا بىر تۈرلۈك كۈچلۈك سېلىشتۇرۇش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ ۋە ۋاقىت، زېھنىنى قەدىرلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلالايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن كاللىسى ئېچىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ پارلاق يولىنى تاپىدىغان بولىدۇ. كۆپىنچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار مۇ-شۇ خىلغا كىرىدۇ. شۇڭا يۇرت كۆرگەن، ئوقۇغان ۋە سەپەر قىلغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ جايىدىن چىقماي يۈرگەن ئادەمدىن

www.uyghurkitap.com

كۆچلۈك ۋە باي كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەلۇم يۇرتتا ئېتىبا-
رى قىلىنماي كەلگەن ئالىم ئادەم باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئۆگەنگۈ-
چىنىڭ قىزغىنلىقى ۋە يېپىشىشىدىن تەسىرلىنىپ بار كۈچى
بىلەن ئۆگەتكەچكە، بۇ كىشى شۇ يەرلىك بالىلاردىنمۇ قابىلىيەت-
لىك بولۇپ يېتىشىدۇ. مەسىلەن: چوڭ شەھەرلەر ۋە ئالاھىدە
كەسىپ تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ ئۆز ئادەملىرىگە قارىغاندا،
شۇ جايغا باشقا جايدىن كېلىپ ئۆگەنگۈچىلەر كېيىنچە تەرەققىي
قىلىپ كېتىدۇ. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بىر ئادەم ئائىلە-
سىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلغان ئىكەن، ئۇنىڭدا ئۆزىگە تايىنىش
پسىخىكىسى كۈچەيگەن ۋە ئۆزىنى ئۆزى قوغدايدىغان تۇيغۇ يېتىل-
گەن بولىدۇ. جاپا ۋە خاپىلىقلارغا چىداش ئىرادىسى چېنىقىدۇ،
ئەمەلىي تۇرمۇشتىن هايات دەرسىنى ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن بالىلارنى ئوقۇتايلى دەيمىزكى، ئوقۇشتىن كەلگەن بىلىم
يېرىم بىلىم بولسا، باشقا يۇرت ۋە مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ،
جاپا - مۇشەققەتلەرگە ئۇچراپ تاپقان جەمئىيەت بىلىمى يەنە
يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا بۇ بالا بىر نەرسە بىلگەن
بولىدۇ. ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇساپىر
بولغان ئادەم ئىنساپقا كېلىدۇ، ئەقلى توشىدۇ، بىلىمى ئاشىدۇ،
ئۆزىگە تايىنىدىغان بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە
ئولتۇرۇشنى ئەخلاق دەپ تونۇيدىغان بىزلەرگە بۇ ناھايىتى شىپا-
لىق دورا ھېسابلىنىدۇ.

### پسىخىك مەسلىھەت

1. يېڭىدىن بارغان يەرگە قەدەم باسقان ئىكەنسەن، شۇ
يەردە ئاش - تاماق يەپ، قونغان ئىكەنسەن، رېئاللىققا تەن

بېرىپ، ئۆزۈڭنى شۇ يەرلىك ياكى مەن ئەسلىدىلا مۇشۇ يەرلىك دېگەن تۇيغۇغا كىرگۈزۈشۈڭ شەرت. بۇ شۇ يۇرت ئاش - نېنى-نىڭ ھەققى بولىدۇ. بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ھەممە يۇرتى ئۆزۈڭنىڭ ۋەتىنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىمۇ بىلمەي كىچە - كۈندۈز يۇرتۇمغا، ئانامنىڭ قۇچىقىغا كىرىۋالاي دەپ يۈرگەن كىشى، بىرىنچىدىن ئۇ ۋەتىنىنى تونىمىغان بولىدۇ، يەنە بىرى شۇ تار خىياللىرى بىلەن قولىدىكى ئىشنى پۇختا قىلماي، يېڭى كەلگەن يېرىدىمۇ ئارىغا كىرەلمەي، مەڭگۈ ئاققۇن بولۇپ قالىدۇ. ئۇمۇ-مەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن ئادەملەر بارغان يۇرت ياكى دۆلەتنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆگەنمەي، تۆۋەن تەبىقە ھالىتىدە قېپقالىدۇ.

2. مەلۇم مۇددەتكىچە كۆرۈلىدىغان كۆنەلمەسلىكنى روھىي يۈك قىلىۋالماي، ئېنىق پىلان تۈزۈپ، نىشانلىغان ئىشى ياكى ئۆگىنىشىنى پۇختا قىلىش، ھەر دائىم ئالدىراش يۈرۈش لازىم. شۇندىلا بىكار خىيال ۋە تار مەنپەئەتلەردىن قۇتۇلۇپ، چوڭ مەنپەئەتكە يۈرۈش قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پىنسىيىگە چىقىش

خىزمەت قىلغان ۋاقىت قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە يەتكەن ھەمدە شۇ كىشىنىڭ سالامەتلىكى، شۇ دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، خىزمەت ئورنىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلۇپ بېكىتىلگەن پىنسىيە پرىنسىپىغا ئاساسەن دەم ئېلىشقا چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

## روھىي ھالىتى

1. خىزمەت ئورنى، ئائىلە ۋە خىزمەتداشلىرىغا كۆز قىيالمايدۇ ۋە سېغىنىدۇ، بەزىلىرى ئۆزى خۇددى كېسىم ئېلان قىلىنغان گۇناھكارلاردەك ھېس قىلىدۇ. جىددىي خىزمەتتىن بىكارچىلىققا قايتقان كىشىنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا كۆنۈشى ناھايىتى مۇشكۇل بولىدۇ.

2. تېرىككەك، سىقىلغاق ۋە كاللىسى قۇيۇقۇرۇقتەك بوپقالىدۇ. پىنسىيىگە چىقىپ ئۆزىنى قالماي ئۆزگە ماس كەلگۈدەك تۇرمۇش ياكى خىزمەت ئۇسۇلىنى تاپالمىسا، كۆڭلىرىنى سىقىلىش، كۆنەلمەسلىك، تېرىككەكلىك ۋە غەم - قايغۇ بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى ئارىلىشىدىغان ئادەملەر دائىرىسىنىڭ تارىيىشى، تۈرلۈك خەۋەر، ئۇچۇر ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ئازىيىشى ئۇلارغا خۇددى بىر يەرگە سولاپ قويۇلغان مەھبۇستەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ.

3. ئۆزىدىن ئەنسىرىگەك بولۇپ، ھەر ۋاقىت قوغدىنىشنى

ئاززۇ قىلىدۇ. پېنسىيىگە چىققان كىشى ئاكتىپلىق ۋە تەشەب-
بۇسكارلىقتىن قېپقالغاندەك، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان-
دەك ھېس قىلىپ، تەشكىل ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنۇتماسلى-
قىنى، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ئۆزىنى بۇرۇنقى ئەمىلى بىلەن
ئاتىشىنى ئاززۇ قىلىدۇ. بەزىدە شۇ ئىدارە ياكى مەھەللىدىكى
ھەر خىل خەۋەرلەرنى تىڭتىڭلاپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى-
نى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ.

4. ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. يېڭى
باشلىق چىققان ھامان ئۆزى بېكىتكەن ئىشلارنى بۇزۇۋېتىشى-
دىن، تونۇماسقا ياكى كۆرمەسكە سېلىشىدىن، ھېيت ـ ئايەمدە
قەستەن كىرمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ، تۇرمۇش جەھەتتە قوللاي-
لىق يارىتىپ بېرىشىنى، چوڭ كۆرۈپ پات ـ پات ماختاپ تۇرۇ-
شىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

**شەخسىي ئەھۋالى**

پېنسىيىگە چىققان كىشىلەر ئىدارىدە ئىشلىگەن چاغدىكى
قوشۇمچە پۇللاردىن ئاز مەنپەئەتلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزى
«كۈل رەڭ» كىرىملەردىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇ رايون ياكى
ئىدارىنىڭ ئەھۋالىغا، پېنسىيە خاراكتېرىگە ئاساسەن پېنسىيە
مائاشى تولۇق بولۇشمۇ، مەلۇم پىرسەنتتە بولۇشمۇ مۇمكىن.
يەنە قاتناش، ئالاقىلىشىش ۋە بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ ئەرزان
تارقىتىلىدىغان بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرى جەھەتتە ھېسابتا بول-
ماسلىقى مۇمكىن. ئەلۋەتتە پېنسىيىگە چىققان كىشىلەر ئىدارە
ئىچكى قىسمىدا كۆرىدىغان ھۆججەتلەرنى كۆرەلمەيدۇ، بەزى ئى-
دارىلەر پېنسىيىگە چىققانلارنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يوقلاپ، ئۇلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پائالىيەتكە ئورۇنلاشتۇرماسلىق، ئۇلارنىڭ قانۇنىي مائاشىنى ۋاق-
تىدا بەرمەسلىك، خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ئىختىراپ قىلماسلىق،
يۆتكەلگەن ياكى تارقاقلاشتۇرۇلغان ييڭى ئىدارىسى ئەسلىدىكى
ئىستاژىنى ھېساب قىلماسلىق... تەك قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى
سادىر قىلماقتا. بۇ مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتقا ئىنتايىن زىيانلىق
ئەلۋەتتە.

پسىخىك مەسلىھەت

1. پېنسىيىگە چىقىشقا توغرا قاراش كېرەك. بۇ بىر ئەقەل-
لىي قانۇنىيەت بولۇپ، قېرىمايدىغان، ئاغرىمايدىغان ئادەم يوق.
پېنسىيىگە چىقىشمۇ ييڭى بىر تۇرمۇش ئۇسۇلى بولۇپ، گەرچە
بەزى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر ئازايغان بولسىمۇ، بىراق جىددىي-
لىك ۋە زىددىيەتلەردىن خالىي ئارام ئېلىشنى نەچچە ھەسسە پايدا
ئالغانلىق دەپ چۈشەنسەك، توغرا بولىدۇ. مەن بولمىسام چاتاق
چىقىدۇ ياكى مەنلا بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنىمەن، دەپ ئۇزۇن
مۇددەت مەنسەپتە ئولتۇرۇۋالىدىغان، ھەتتا ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك
ھۆكۈمران دەپ ئېلان قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كېسەل
ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

2. پېنسىيىگە چىقىشقا ئاز قالغاندا، ئۆزى بۇندىن كېيىن
نېمە قىلىدىغانلىقىغا روھىي تەييارلىق قىلىشى، ئۆزى قىلالايدى-
غان، سالامەتلىكى كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە ئىش تۇتۇشى لازىم.
خەققە كۆرسىتىمەن دەپ ئېغىر ۋە خەتىرى چوڭ ئىشلارنى قى-
لىپ يىتىپ قالغان كىشىلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىر
ئادەمنىڭ 2 ~ 1 مىڭ ئەتراپىدا تونۇشى بولىدۇ. ئۇلارنى ھەيران
قالدۇرىمەن دەپ، 2 ~ 1 مىليون كىشىگىمۇ تېگىشكىلى بولماي-

ـدىغان سالامەتلىكىدىن ئايرىلىش زادىلا «مالىيە قائىدىسىگە چۈشـ
ـمەيدىغان ھېسابات» بولۇپ قالىدۇ.

3. ئازراقلا ھۆنىرى ياكى ئەھمىيىتى بار ئادەم بولسا، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بەرسە، خېلى بىر ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

4. پېنسىيىگە چىققانلارمۇ كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆزى بولمىسىمۇ يەر شارى چۆرگىلەۋېرىدىغاندەك ئۇقۇمنى ھەر دائىم ئۇنۇتماسلىقى لازىم. يېزا تۇرمۇشى ۋە دېھقانلارنىڭ كەڭ قورساق، جاپاكەش ۋە ئاقكۆڭۈل خاراكتېرى ئۇلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ياشاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نىكاھتىن ئاجرىشىش

بۇ، جىسمانىي، روھىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەب-لەر تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ، ئايرىم يول تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىيەت پسىخولوگلىرى ئاجرىشىپ كېتىشتە مۇنۇ سەككىز سەۋەبنى كۆرسىتىدۇ.

1. مەنىۋى ئامىل:

ئىككى تەرەپنىڭ قىزىقىشى، مىجەز - خۇلقى، ئېتىقادى ۋە كۆز قارىشى بىر يەرگە كېلەلمەيدىغان، داۋاملىق سوقۇشۇپ تۇر-دىغانلاردا ئاجرىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. مىسال ئالساق، مەملىكىتىمىزدە يۈز بەرگەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە گۇرۇھ ۋە مەزھەپ كۈرىشى تۈپەيلىدىن 30 ~ 20 يىل ئۆي تۇتقان ئەر - خوتۇنلارنىڭ سىياسىي مەيدان پەرقى تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ كېتىشى كۆپ كۆرۈلگەن.

2. مەغلۇبىيەت ئامىلى:

ئىككى تەرەپنىڭ بىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن «قايتا تۇرالماس» ھالەتكە چۈشۈپ قالسا، يەنە بىرى خۇددى چىقىش يولى قالمىغان ھالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ - دە، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا ئالدىرايدۇ. بولۇپمۇ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، ئەقىدىسى ئاجىز ۋە ئەخلاقى ناچار كىشىلەر نىكاھنى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچكە باغلاپ چۈشىنىۋالىدۇ، ئەگەر بىر تە-رەپنىڭ پۇلى قالمىسا، سۈپەتسىز يەنە بىر تەرەپ ئۇنى تاشلاپ

قويدۇ.

3. ئىجتىمائىي ئورۇن ئامىلى:

بىر تەرەپنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئابرۇيى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئەر (ئايال) نى تۆۋەن كۆرۈش ھېسسىياتى پەيدا بولۇپ، نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئورۇن ۋە ئابرۇي» دېگەنلەر پەقەت روھىي دۇنيادىكى سېزىم بولۇپ، بۇنىڭلىق بىلەن ئادەم ئادەمدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

4. زوراۋانلىق ئامىلى:

ئۇرۇش، ھاقارەتلەش ۋە خارلاش كۆندىلىك ئىشقا ئايلانغان ئائىلىلەرنىڭ نىكاھ ۋە تۇرمۇش سۈپىتى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار ھامىنى ئايرىلىپ ياشاشقا ئىنتىلىدۇ.

5. نەپسى ئامىلى:

ئەزالىرىدىن ھۇزۇر ئالالمىغان ياكى رازى بولمىغان بىر تەرەپ باشقا ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بەزىلىرى نەق گەپنى ئوچۇقلا دەيدۇ. نۆۋەتتە ئاجرىشىۋاتقان ئەر - ئاياللارنىڭ $\frac{1}{3}$ ى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قانائەت ھاسىل قىلالمىغانلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەكتە.

6. تاشقى ئامىل:

ئەر - خوتۇن ئىناق بولسىمۇ، ئاتا - ئانا ياكى سىرتقى مەلۇم كۈچلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ كېتىشمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ يېزىلاردا چوڭلار كىچىكلەرنىڭ نىكاھىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋالىدىغان ئىشلار بىزدە كەم ئەمەس. ئەسلىدە قىز ياكى ئوغۇل توي قىلسا ئانا ياكى

دادىغا تەگمەيدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى لايى-
ھىلەيدۇ.

7. پايدىلىنىش ئامىلى:

توي قىلىشتىكى ئەسلى مەقسەت پەقەت پۇل، ئۆي، ھوقۇق ياكى مال - دۇنيا بولغان بولسا، بۇ مەقسەتكە يەتكەن ياكى يېتەلمەي قالغان ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ ئاجىرىشىشنى تەلەپ قىلىش — ئۆۋەتتە بىزدە يامراۋاتقان مەنىۋى كېسەللىكلىرىمىزنىڭ بىرى. بۇنىڭدا مۇھەببەت ۋە ئىنسانىي تۇيغۇ بولمايدۇ، بالا بار بولسىمۇ ئۇنى نەزىرىگە ئېلىپ قويمايدۇ، مەسئۇلىيەت دېگەندىن سۆز ئاچقىلى تېخى بولمايدۇ. نەتىجىدە پاجىئە ۋە نەپرەت مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ.

8. قۇربان قىلىنىۋېتىش ئامىلى:

سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر تەرەپ ئامالسىز قالغان ياكى مەلۇم مەقسەتكە يەتمەكچى بولغان پەيتتە، ئەر ياكى ئايالنى دوغا تىكىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېقىپ قويۇش، سېتىۋېتىش، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قەدەر بولغان ۋەھشىي قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ. بۇ جىددىي سىياسىي كۈرەش سەھنىسىدە، ئار - نومۇس قالمىغان زەھەر ۋە تەن سودىسى بازىرىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

1. ھەرقانداق ئامىل ۋە سەۋەب بولسۇن، ئاجرىشىشنىڭ ئۆزىلا شۇ شەخستە بىر قاتار جىسمانىي ۋە روھىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

2. شەرق ئەللىرىدە ئاجراشقان ئەرنىڭ ئەھۋالى بىر خىل

ياكى ياخشىلانغاندەك قىلسا، ئاياللىرى قىيىنچىلىققا كۆپرەك يولۇقىدۇ. چۈنكى بۇ يەرلەردە ئەر ـ ئايالنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى پەرقلىق. ئىجتىمائىي تەقسىماتتا ئوخشىمىغان مۇئامىلىگە ئۇچراش ئەھۋالى تارىختىن قالغان مەسىلە بولغاچقا، ئاياللار يالغۇز قالغاندا ئۇلارنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىشى ۋە خىزمەت قىلىشى ئادەت كۈچلىرىنىڭ مەلۇم چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، كىرىمىنىڭ تۆۋەنلىشىشىگە ئېلىپ كېلىدۇ. غەرب ئەللىرىدە ئاجرىشىش كۆپىنچە مەدەنىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەمدە قانۇن ـ تۈزۈملەر بىر قەدەر مۇكەممەل تۈزۈلۈپ، ئىجراسىمۇ ئىناۋەتلىك بولغاچقا، ئاجراشقان ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە كىرىمىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلىدۇ.

3. ئاجرىشىش سەۋەبىدىن بالىلار يېتىم بولۇپ، ئائىلە ئاساسى پارچىلىنىدىغانلىقى، ئاتا ـ ئانا ۋە تۇغقانلار ئارىسىدىمۇ سوغۇقچىلىق پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، قايتا نىكاھلىنىشتا ھەر جەھەتتىن قىيىنچىلىق كۆرۈلىدۇ، توغرا چۈشىنىشنى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ.

### پىسخىك مەسلىھەت

1. سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئاجرىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ھەر خىل بەختسىزلىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشى لازىم.

2. ئەگەر ياخشى بولالماسلىقى ئېنىق بولسا، چىرايلىقچە ۋە كەسكىن ھالدا ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىش كېرەك. بولمىسا ھامىنى ئاجرىشىدىغان تۇرۇقلۇق يەنە تىللىشىش، ھاقارەت قى-

لىش تۆپەيلىدىن ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرىگە روھىي زەخمە يەتكۈ-
زۈپ قويىدۇ.
3. ئاجرىشىپ كېتىشنىڭ كۆپ قىسمىدا ئازابلىنىش، ۋىج-
دانى ئەيىبلىنىش، جاپادا قېلىش ۋە بالىلىرى قىينىلىش ئەھۋال-
لىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىلىرى شۇ سەۋەبتىن ئۆچمەنلىك، تاماشا
كۆرۈش ۋە ئىنتىقام ئېلىش خىياللىرى بىلەن قىممەتلىك زېھىن-
نى زايە قىلىدۇ، ھەتتا قانلىق ۋەقە چىقىرىدىغانلارمۇ بار. شۇڭا
ئاجرىشىپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە روھىنى
تەڭشەش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر ئۆزى قىزىقىدىغان، خۇشال بولىدى-
غان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشى، تەڭتۇشلىرى ۋە پېشقەدەم-
لەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، ساغلام سۆھبەتلەردە بولۇشى
لازىم. ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىناۋىتى ۋە ئىقتىسا-
دىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ئاتلىنىشى كېرەك.

# ئاتا - ئانىسى تۈگەپ كېتىش

كىمنىڭ قاچان تۈگەپ كېتىشى ياش - قېرى بىلەن مۇتلەق مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن قارىشىدا چوڭ ياش- لىقلار بالدۇر تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك قىلغىنى ئۈچۈن بۇ ماۋزۇنى قويدۇق.

## روھىي ھالىتى

ئاتا - ئانا بار ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئەجرى ۋە قىممىتىنى ئۆز مەنىسىگە يەتكۈزۈپ قىلالمىغان بولسىمۇ، بىراق پەرزەنت بولغۇ- چى ئاتا ياكى ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ ئاندىن ئۆزى ۋە ئۆتمۈشى توغرىسىدا غول ئەسلىمىلەرگە چۆكۈپ، سېغىنىش دې- ڭىزىغا ئۆزىنى تاشلىغان بولىدۇ. بولۇپمۇ 40 ~ 35 ياشقا بېرىپ قالغان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانا بىللە تۇرغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغاچقا ھەمدە ئۆزلىرىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر كېسەللىك بايقالغان، ئىقتىسادىي، جىسمانىي جەھەتتىن چارچا- ۋاتقاندەك بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردىنى ھېسسىي جەھەت- تىن چۈشىنىشكە باشلايدۇ (ئەسلى ھەجمى بىلەن بىلەلىشى مۇت- لەق مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى پەقەت ئاتا - ئانىلا ھېس قىلىپ بولغان). ھەر قېتىم دۆڭگە يامىشىپ ھاسىرىغاندا، تاغارنى كۆتۈرۈپ نەپەسى سىقىلغاندا، كەتمەننى چېپىپ ئىچ ئەزالىرى سىلكىنگەندە، قەلەمنى ئوڭ تۇتالماي بىر قۇر خەتكىمۇ زورۇققان- دا، ئاچلىقتا باشقىلارنىڭ قاچىسىغا چاندۇرماي قارىغاندا، سو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غۇقتا توڭلاپ، ئىسسىقتا «ئېرىپ» ھالىدىن كەتكەندە، پۈلسىز-
لىق دەردىدە ئۆكتەم باينىڭ سېسىق گەپلىرىنى چىداپ ئاڭلىغان
چاغدا... ئۆزى تارتىۋاتقان جاپالارنى ئاتا - ئانىسى كۆرگەن خاپى-
لىقلارغا قىياس قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ، ئاتا -
ئانىسىنى ئەسلەيدۇ، ئۇلارغا ئەمدى بولسىمۇ ئىچ ئاغرىتىدۇ،
ئۇلارنى چىن قەلبىدىن ياد ئېتىدۇ، بەرگەن تەلىماتلىرىنى ئاڭلى-
مىغىنىدىن پۇشايمان يەيدۇ.

يامان تەرىپى

ئاتا - ئانا تۈگەپ كەتسە يىلتىزىدىن ئايرىلغان دەرەخ ۋە
توك مەنبەسىدىن ئۈزۈلگەن چىراغدەك ھالغا كەلگەن پەرزەنتلەر
ئالدى بىلەن يىغا - زارە، نەزىر - چىراغ ئالدىراشچىلىقى ۋە
پۇشايمان زەربىسىدە يۈرىكىدىن ئاجىزلىشىپ ماڭىدۇ، يېتىمسى-
رايدۇ، ئاسانلا يىغا تۇتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن زېھنىنى ئازاب ۋە
قايغۇ ئىگىلىۋالغاچقا، ئاساسىي مەشغۇلاتى دەخلىگە ئۇچراپ،
قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئاقسايدۇ ياكى زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئۆگىنىش
ياكى خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەيدۇ. ھەممىدە ئۆزىگە تايىنىدىغانلى-
قى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچارلايدۇ، يۈرۈش - تۇرۇشى
ۋە قىياپىتى بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ. كۆزىنىڭ نۇرى ئاجىزلاپ،
چاچلىرى چۈشۈپ، چۈشكۈن بوپقالىدۇ، كېسەلچان ۋە روھسىز
بولىدۇ. باشقىلار ئالدىدا ھىمايىسىز قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.
بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئاتا - ئانىسى تۈگەپ كەتكەندە، بەزى دادىلار
ياش ئايالنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ياكى ئانا ھەۋەسنىڭ ۋەسۋەسى-
سىدە بالىلىرىنى تاشلىۋېتىپ قېچىپ كېتىدىغان ئىشلاردا بالىلار
ھىمايىسىز ھالغا چۈشۈپ، تۇرلۇك ئاپەتلەرگە ئۇرۇق سېلىنغان

بولىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ تۇگەپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن ھەر كىمگە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۇيۇلىدۇ. بولۇپمۇ ھادىسە ۋە كېسەللىك تۈپەيلىدىن ياشلا تۇگەپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىلارغا ھەركىم تارتىشىپ، رېئاللىقنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇنىڭ ھېچقانداق ياخشى تەرىپى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئېرى تۇگەپ كېتىش

كېسەللىك، ھادىسە ۋە باشقا تاسادىپىيلىقلار سەۋەبىدىن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئەر ۋە دادىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ئاياللارنىڭ بەخت سېزىمى كۆپىنچە روھىي جەھەتتىكى ھۇزۇرلىنىشتىن شەكىللىنىدۇ ۋە بۇ ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، جۆرە جەھەتتە ئەرلەر ساننى، ئاياللار سۈپەتنى قوغلىشىدىكەن. يەنى ئاياللار ئەرنىڭ سالاپىتى، ئىقتىدارى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىغان ئاساستا، بىرلا ئەر بىلەن ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ بەخت سېزىمى شۇ قەدەر رومانتىك ئىكەنكى، ئۇلار ھەتتا ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىنىمۇ بەخت دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر ئادەم، مەلۇم بىر نىشان ۋە بىر ھالەتنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بەختى ۋە قىممىتىنى ئۆلچىشى تەبىئىي ھالدىلا «ئۆزگە تەۋە» ھەر قانداق بىر نىشاننى باشقىلاردىن قورۇش چۈشەنچىسىنى بەرپا قىلغان. ئەگەر بۇ نىشانى ئۆزىنىڭ ئېرى بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ئايالغا كېلىدىغان روھىي ئازابنى يۇقىرىقى بايانلاردىن تۇرلەندۇرۇپ چۈشىنىۋالساق بولىدۇ.

**يامان تەرىپى**

ئانا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى سۇسلىشىپ، ئەرلەر جەمئىيەت-

نىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغان نەچچە ئونمىڭ يىلدىن بۇيان، ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆكۈمرانلىقى ئاپتوماتىك ھالدىلا ئاياللارنى ئائىلە ۋە پەرزەنتلەر دائىرىسىدىلا يۆرۈيدىغان قىلىپ قويغان. بولۇپمۇ ھەر خىل ماددىي ۋە روھىي ھوقۇقلار تەقسىماتىدا پاسسىپ ئو- رۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇلغان. بىز گەرچە ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇق- تا باراۋەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىسەكمۇ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەر خىل تەكشىسىزلىك ۋە تەڭپۇڭسىزلىقلارنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل ئادەت كۈچلىرى ۋە سىياسىي، ئىجتى- مائىي ھوقۇقلار تەقسىماتىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئاياللار يەنىلا ئەرلەرنىڭ ھىمايىسى ۋە «ھىممىتى» گە موھتاج. مۇشۇنداق چوڭ مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن ھەر ئائىلىدە ئەگەر بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە، بولۇپمۇ ھەر خىل سەۋەب- لەر بىلەن ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ ئائىلە شۇ كۈندىن باشلاپ نامراتلىشىشقا يۈزلىنىدۇ، ئايال جاپادا قېلىپ، باللار ئاغرىق ۋە ئوقۇشسىزلىق گىردابىغا پېتىپ قالىدۇ. ئايال (ئانا) ئىشلەي دېسە ھەر خىل كېلىشمەسلىكلەر ۋە تاجاۋۇزلاردىن ئەنسىرەيدۇ، كېچىسى ئىشقا بارالمايدۇ، كۈندۈزى باللىرىغا تاماق ئېتىمەن دەپ يۈرەكلىك ئىشلىيەلمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئەر (بۇ ئۆز نۆۋ- تىدە ھوقۇقنىڭ سىمۋولى) بولمىغانلىقتىن، ھۆرمەت ۋە ئىقتى- سادىي كىرىم جەھەتلەردە كۆپ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئوقۇيالماس- لىق، تېخنىكا بىلمەسلىك ۋە ئىشسىزلىق قوشۇلۇپ كەلسە بۇ ھال تېخىمۇ يامانلىشىدۇ.

### پىسخىك مەسلىھەت

دەپنە ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۆت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەن ئۆمرىنى ئەسلەش بىلەن كېيىنكى ھاياتى ئۈستىدە ئويلى-
نىپ، ئۆزىنىڭغا قالماي ئەمەلىيەتكە بىر لايىھە تۈزۈپ چىقىش
كېرەك. ھەرگىزمۇ «مۇسىبەت» بولدى، ھازىرلا كېيىنلىكنى
ئويلىسا يامان بولىدۇ، دېمەسلىك كېرەك. ئەڭ ياخشى چارە
نۆۋەتتە جەمئىيەتتە بازار تېپىۋاتقان كەسىپلەر بويىچە ھەر خىل
تەربىيىلىنىش مەكتەپلىرىدىكى دەرسلىكلەرنى تاللاپ ئوقۇپ، بىر
كۈنى بولسىمۇ ئۆزىگە ئىقتىدار ۋە ھۆرمەت تېپىشى، ئۆزىنىڭ
ھالال ئەمگىكى ۋە تېخنىكىسى ئارقىلىق بالىلىرىغا مەسئۇل بولۇ-
شى لازىم. يىللارغىچە ھازا تۇتۇش، قاتمۇقات نەزىر ئۆتكۈ-
زۈش... دېگەندەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان ياكى بىرەر
ئەرگە تېگىۋېلىپ شۇنىڭ پۇلى بىلەن تۇرمۇش ياخشىلايمەن دەيدى-
غان قاراشتىكى ئايالنى ئەمەلىيەتتە ئالدىدىكى ئېرىگە سادىق بول-
غان، بالىلىرىغا مەسئۇل بولغان ئايال دېگىلى بولمايدۇ. ھېچقاند-
داق كەسپى يوق ئايالنىڭ كېيىنكى ئېرى تەرىپىدىن داۋاملىق
ھۆرمەتلىنىشىمۇ ناتايىن، بالىلىرىنىڭ بەختەر ياشىشى تېخىمۇ
تەس. قايغۇ ۋە پۇشايمان ئىلكىدە تۇرماي، ئۆزى ۋە بالىلىرىنىڭ
سۈپەتلىك ياشىشى ئۈچۈن تەدبىر قىلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى
ھازا تۇتقانلىق بولىدۇ.

# ئايالى تۇگەپ كېتىش

ئايالىنىڭ كېسەللىك، ھادىسە ياكى نامراتلىق تۈپەيلىدىن تەبىئىي ياكى غەيرىي تەبىئىي ھالدا ئۆلۈپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ئاياللار (ئانىلار) پەرزەنتلىك بولۇش ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈشتە ھالقىلىق رول ئوينايلا قالماي، بەلكى ئەرلىرىنىڭ ۋەھشىي ۋە قارام تەبىئىتىنى نورماللاشتۇرۇش ۋە سىلىقلاشتۇرۇشتا قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە. بۇ جەمئىيەتشۇناسلار ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئورتاق يەكۈنى. ئەينى ۋاقىتتا «ئاي، پەرىشتە، ئاپپاق» ئاتالغان ۋە ئۆي تۇتقاندىن كېيىن «ئانا، تەربىيىچى، مەكتەپ» ھېسابلانغان ئايالىنىڭ بۇ دۇنيادىن، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا شۇ ئائىلىدىن «ۋاقىتسىز» ئايرىلىشى ئاتىغا ۋە پەرزەنتلەرگە ئېغىر زەربە ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار بۇ رېئاللىقنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، قوبۇل قىلالمايدۇ. يۈرىكىدىن يىغلاپ، قەلبىدىن ئېزىلىدۇ. ئۇلار ئانا (ئايال) نىڭ كېچە - كۈندۈزلەپ كىرقات يۇيۇپ، پۇت - قوللىرى ئاغرىپ تۇرسىمۇ، يەنە تاماقتا تۇتۇش قىلىشلىرىنى، تاماق يەتمىگەنلىكىنى بىلىندۇرمەي «كۆڭلۈم نانغا تارتىپ تۇرىدۇ» دەپ كۈلۈمسىرەشلىرىنى، بالىلارنى مەكتەپتىن توختىتىپ ھۈنەرگە بېرىمىز دەۋاتقان ئاتىغا يېلىنىشلىرىنى، بىرەر سائەت كەچ قالسا ئىشىكنىڭ ئالدىغا چى-

قىپ ساقلاشلىرىنى… ئەمدىگىنە ئىپسگە ئىلىشىدۇ. ئازراق بىر ئىشلار ئۇچۇن ئاتىنىڭ ئۇرغانلىرى، بالىنىڭ جېدەل قىلىشلىرى مۇشۇ ئىشلارنىڭ فائىللىرىنى ئازابلايدۇ.

### يامان تەرىپى

ئانا ئۆلۈپ، نەزىر - چىراغ تۈگىگەن ھەپتىسىدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن ئۆيدىكى يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلەر قالايمىقانلىشىشقا باشلايدۇ، ئۆيدىن كىر پۇرايدۇ، ئىشىك - دېرىزە، ئاشخانا ۋە تازىلىق ئۆيى مەينەتلىشىدۇ، ئارقىدىن تاماقتا قىينىلىش، كىيىم - كېچەكتە رەتسىزلىك ئەگىشىپ كېلىدۇ، ئۆزئارا قىزغىنلىق… دېگەنلەر يوقىلىپ، بىر - بىرىنى ئەيىبلەش، ئۆزى بىلەنلا مەشغۇل بولۇش، تالادىن كىرمەسلىك، ئوقۇشتا چېكىنىش، ئۆيدىن قېچىش… قاتارلىق پالاكەتلىكلەر ئارقىمۇئارقا كېلىشكە باشلايدۇ. ئومۇمەن بۇزۇلۇش، مەينەتلىك ۋە تارقاقلىق ئايال (ئانا) بولمىغان ئۆيلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

### پسىخىك ھالىتى

ئايالنى «ئەمگەك نەمۇنچىسى» ياكى سايمان - جابدۇق قاتارىدا كۆرۈشتىن، ئوقۇش، ئۆگىنىشكتە سالماسلىقتىن پەرھىز قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاياللارنى مەخسۇسلا ئۆي ئىشىغا سېلىشنىڭ ئۇلاردا ئاسانلا زېرىكىش، تېرىكىش ۋە سىرتقا ئىنتىلىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىش ناھايىتى زۆرۈر. ئايالنى مەلۇماتلىق قىلىشنىڭ پەرزەنتىنى، تۈزۈكرەك قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتنى ئىستىقباللىق قىلىشتا رولى چوڭ بولىدۇ.

# ھادىسىگە ئۇچراش

ھادىسە دېگىنىمىزدە، كۆپىنچە قاتناش قوراللىرىدىن پەيدا بولغان ئاۋارىيىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇندىن باشقا ھەر خىل رادىئاتسىيە، خىمىيىلىك زەھەرلىنىش، بومبا ۋە مىناغا تېگىپ كېتىش، كان گۇمۇرۇلۇش··· قاتارلىق نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرمۇ چوڭراق نۇقتىدىن ئېيتقاندا ھادىسىگە كىرىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ھادىسىگە ئۇچرىغۇچى شۇ ۋەقەدىن كېيىن ياكى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاۋارىيىگە يولۇققۇش جەريانىنى ئەسلەپ چىقىدۇ ياكى باشقىلاردىن ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ جىسمانىي، روھىي ۋە ئىقتىسادىي زىيانلىرىنى ئويلايدۇ. بولۇپمۇ مېيىپلىق ھالىتىدىكى بىمارلار بەك ئازابلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىگە بەك ئىچى پۇشىدۇ. داۋالىنىش جەريانىدىكى ئاغرىق ۋە يېڭى زەھەرلىنىشلەردىن پاتراق قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىدۇ. سەلبىي ۋە ئۈمىدسىز گەپلەردىن بەك كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، مىجەزى چۇسلىشىدۇ، روھىي جەھەتتىن يىمىرىلىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن چېكىنىدۇ ياكى ۋەيران بولىدۇ. بەزى ھاللاردا تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرىمۇ بۇ كىشىدىن قاچىدۇ.

**يامان تەرىپى**

ئالدى بىلەن بۇ كىشىنىڭ جىسمانىي بەدىنى زىيانغا ئۇچراي-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روھىي جەھەتتىن كىرىزىسقا پېتىپ قالىدۇ. ئومۇمەن ئاۋارىيىگە يولۇقۇپ بىر مەزگىل ياكى ئۆمۈرلۈك بەختسىز بولۇپ قالغان كىشىنىڭ كۆڭلى بەك سۇنۇق، بەدىنى مېيىپ، ئورنى ناچار بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ بىر مەزگىل جەمئىيەت ۋە ئىش ـ ئوقەتتىن ئايرىلىپ، ھەر مىنۇتتا چىقىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەچكە، پۈتۈن ئائىلە، ھەتتا پەرزەنتلەرنىڭ كەلگۈسىمۇ مۇشۇ بىر ئادەمنىڭ بەختسىزلىككە يولۇقۇشى بىلەن باشقا بىر تەقدىرگە يولۇقۇپ قالىدۇ. بەزى بىمارلار دوختۇرخانىدىن چىققان تەقدىردىمۇ بەدىنىدىكى ھەر خىل ئاسارەتلەر ۋە زەھەرلەر تۈپەيلىدىن ئۇزۇنغىچە ھەقىقىي تۈردە ساقىيىپ كېتەلمەيدۇ، ھەتتا بەزىلەر پۇلسىزلىقتا تولۇق داۋالىنالماي چىقىپ كېتىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە بالىلار ئوقۇشسىز قالىدۇ، ئەر ياكى ئايال ئىلگىرى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان ئىشلارنى قىلىپ ئائىلىنى قامداشقا مەجبۇر بولىدۇ. ناكەس ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئاغرىپ ياكى يارىلىنىپ قالغانلار ئاغىنە ۋە تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

### پسىخىك مەسلىھەت

نەق پۇلغا داۋالىنىشنى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا داۋالىنىش سىستېمىسىغا ئۆزگەرتىش — ھەرقانداق بىمارنى ساقايتىشتىكى مۇھىم سىرتقى ئامىل. ئۇندىن باشقا، بىمارنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان ئاۋارىيىلەرگە نىسبەتەن تەن بېرىش، قوبۇل قىلىش ۋە داۋالاشقا ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن ماسلىشىش ئارقىلىقلا شۇ ئېغىر كۈنلەرنى نىسبەتەن تىنچ ئۆتكۈزەلەي-

ـدۇ. قىسمەن ئەھۋاللاردا 2 ـ ياكى 3 ـ ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ
سەۋەبى بىلەن يارىلانغان تەقدىردىمۇ ئالدى بىلەن ئوبدان داۋالـ
ـنىشنى ئويلىشى، ئادەم بىلەن ئېيتىشماي، بەلكى ئۇنىڭ قىلمىـ
ـشى بىلەن قانۇنىي يول بىلەن كۆرەش قىلىش كېرەك. ئۇنداق
بولمىغاندا يارىلىنىش ئۈستىگە جاۋابكارلىق ئارتىلىپ، يۈكلەر
تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى، ئاـ
دەملەر ئاۋارىيىگە يولۇققاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىدىمۇ سەۋەنلىك
بار ـ يوقلۇقىنى ئويلاپ كۆرۈشى، بۇ ئىشلارنىڭ بىر ھېسابتا
تەپتىش قىلىش ۋە مۆلچەرلەشنىڭ بىر پۈرستى ئىكەنلىكىنىمۇ
بايقاپ ئېلىشلىرى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىش

ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي ياكى باشقىلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن زەھەرگە ئۆگىنىپ، ئۆزى، ئائىلىسى ۋە جەمئىيەتنى زور تالاپەتلەرگە ئۇچرىتىدىغان قىلمىش بىمارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## روھىي ھالىتى

زەھەرگە ئۆگىنىپ قالغانلار كۇن بويى ئۆزىنىڭ زەھەر چەككەندىكى ئاتالمىش راھىتىنى ئەسلەپ، ئۇنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىشنى ئويلايدۇ. كىشىلەرنىڭ نېمە ئۇچۇن تۇرمۇش راھىتى كۆرۈش ئۇچۇن بۇنچىۋالا تىرىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ھالال ۋە تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلارنى ئەخمەق ھېسابلايدۇ. بۇ نېمە ئۇچۇن ئۇلارنىڭ نەسىھەتنىگە ناھايىتى سەۋرسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىڭ ئەسلى سەۋەبى. ئۇلار يەنە ئۆزىنى ئائىلىسى ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن بەربىر قوبۇل قىلىنمايدىغان كېرەكسىز نەرسە ھېسابلاپ، ياخشى بولالمىغاندىن كېيىن بىراقلا يامان بولۇشقا ئۆزىنى قويۇۋېتىدۇ. جىنسىي جەھەتتىن قىلالمايدىغان قىلىقى قالمايدۇ، گەپ ـ سۆزىگە ئىگە بولمايدۇ، ئوغرى ـ يالغاننىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىپ بولىدۇ، داۋاملىق يالغان ۋەدىلەردە بولىدۇ، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، ئادەم زەخمىلەندۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش دەرىجىدىكى ئاددىي ئىشلار چاغلايدۇ، يەنى ئۇ ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىنى ئېغىر ياكى يېنىك دەپ ئايرىمايدۇ. ئىش قىلماي

راھەت كۆرۈشنى ئۈيلايدۇ، جەمئىيەت ۋە مىللەت دىگەندەكلەر كاللىسىغا كىرىپمۇ چىقمايدۇ، ھەتتا بىرەر قېتىملىق خۇمار نەپسى ئۈچۈن نى - نى ئېسىل ئادەملەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

### يامان تەرىپى

1. زەھەرنىڭ مېڭە، يۈرەك ۋە يىلىككە كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرى زور ۋە يىراق مەزگىللىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ تېنى زەئىپلىشىپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى ئەككىنچى ئەۋلادقىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

2. مەسئۇلىيەتسىز، ھورۇن ۋە كېرەكسىز ئادەملەر كۆپىيىپ كەتسە، شۇ رايون ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى بارغانسېرى غۇۋالىشىدۇ.

3. ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە نامراتلىق ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمەي، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى قەدىرلىمەي ھەم زامانىۋى ئىلىملەرنى ئۆگەنمەي، ئەكسىچە ھەر خىل مەست قىلغۇچى ئىچىملىك - چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن، زىيادىلىق ۋە قالاق دۇنيا قاراشلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جاھىللىق ۋە رادىكاللىققا پاتقانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. زەھەر چېكىشنىڭ ئۆزى دەل مۇشۇنداق ماددىي ۋە روھىي مەستلىكنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن كېلىپ چىققان.

### پىسخىك مەسلىھەت

1. زەھەر ياسىغان، توشىغان، ساتقان ۋە چېكىشكە ئۆگەتكەن بۇزۇقلارنى ئادەتتىكى جىنايەتلەردىن پەرقلىق ھالدا قاتتىق جازالاش كېرەك.

2. «زەھەر چەكلەش» قانۇنىنى تېزرەك ماقۇللاپ، زەھەر

بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن بىت-
چىت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئىقتىسادىي
كىرىم مەنبەسىدىن ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك.

3. زەھەر ئىستېمال قىلغانلارنى داۋالاش ۋە باشقۇرۇشقا ئىمكانقەدەر تەبىئىي ئۇسۇللارنى قوللىنىش، زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورۇنلىرىنى ئىنتايىن يىراق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

4. زەھەر چېكىدىغانلاردىن زەھەرگە قارشى كۈرەشتە ئەپ-
لىلىك پايدىلىنىش كېرەك.

# سىتىلىپ كېتىش

ئازدۇرۇلغان، تۇرمۇش يولىنى تاپالمىغان ياكى چارىسىز قالغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايى گۇرۇھلار ياكى جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ تەھدىت سېلىش، ئالداش ۋاستىلىرى ئارقىلىق باشقا گۇرۇھ ياكى ئادەملەرگە جىنايەت سادىر قىلىش قورالى سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈۋېتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

سېتىلغان ياكى ئالدانغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر، ھەتتا بوۋاقلار ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ. ئۇلار يېڭى جايغا بېرىپ شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلگۈچىلىك بولغان ئارىلىقتا سەرپ قىلىنغان خىراجىتىنى ئادەم بېدىكلىرى ياكى يېڭى خوجايىنلار ئۇنىڭغا قەرز ھېسابىغا ئارتىپ قويىدۇ، ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىققا، ھەتتا شەھۋانىي ئىشلارغا مەجبۇر قىلىدۇ. نەتىجىدە قورقۇش، ئەندىشە ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى تۈرلۈك ئازابلار ھەر مىنۇت ئۇلارنى قىينايدۇ، پۇشايمان، سېغىنىش ۋە قەسەم سۆزلىرى ياد بولۇپ كېتىدۇ. بىر قىسىملىرى ئۆزىنىڭ ۋىجدانى ۋە ئەقىدىسىنى يوقىتىپ، ئەسكى بولغاندىكىن ئاخىرىغىچە بولاي دەپ ئۆزى ئەسلىدە خالىمايدىغان يامان ئىشلارنى قىلىشقا يۈزلىنىدۇ. خوجايىنلىرى ياكى رەقىب بۇزۇقلاردىن تاياق يەپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ، ئۆزىگە ئوخشاش قىسمەتكە قالغان بالىلارغا ئىچى ئاغرىش ياكى ھېسداش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىق قىلىش تۈيغۇسى سۇسلاپ، تاش يۈرەك بوپكېتىدۇ. ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسىنى ئويلايدىغان، ئەقلىنى ئىشلىتەلەيدى. غان بىر قىسىم باللار شۇ يەردىكى ساقچىلار ۋە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇرتىغا ئوڭۇشلۇق چىقىپ كېتەلەيدۇ. نۆۋەتتە ھۆكۈمەت مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ بۇ نەگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بارماقتا.

## يامان تەرىپى

ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا بىر قىسىم قارا يۈز، تۈزكور كىشىلەر شەخسىي بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەمئىيەت ۋە كەلگۈسىنىڭ ئومۇمىي بايلىقى بولغان ياش - ئۆسمۈرلەرنى نىشانىغا ئالماقتا. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مەخپىي، ۋاستىسى قەبىھ، جىنايەت سادىر قىلىش ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولغاچقا، بۇ جەھەتتىكى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن سۆز ئېچىش تېخى بالدۇرراق قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ۋاقىلار ۋە نارەسىدىلەرنى ئالداپ سېتىۋېتىش ياكى ئۇلارنىڭ جىنايەت يولىغا مېڭىشىغا ۋاستىچى بولۇش، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئاكا - ئۇكىلىرىغا تۇيدۇرماي DDV ئىچكۈزۈۋەتكەن بىلەن تامامەن تەڭ تۇرىدىغان ۋەھشىيلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەل - يۇرتنىڭ كېيىنكى 10 يىللىق تەرەققىيات جەريانىغا ئىجابىي تەرەپتىن تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك بولغان باللارنى جەمئىيەتكە يامان تەسىر بېرىدىغان خەتەرلىك ۋە نادان ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈشنىڭ ئۆزى جىنايى قىلمىشلار ئىچىدە

قەبىھلىكى جەھەتتىن دىققەتنى تارتىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىنسان، كاللىسى بار ئادەم سېتىۋېتىلگەن بالىلارنى مېنىڭ بىۋاستە تۇغ-قىنىم ئەمەسقۇ دەيدىغان خائىنلارچە ئىدىيىدىن قۇتۇلۇشى لازىم. بوۋاقلار ۋە بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەي چوڭ بولۇشى ۋە ئۆزىنىڭ شەخسىي تارىخىنى جىنايى ئىشلار بىلەن بۇلغۇشى يۈرىتىمىزنى ئوبراز جەھەتتىن ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ، بۇنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇش بەسى مۈشكۈل!

**پىسخىك مەسلىھەت**

1. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈ-شى، بالىلارنى ئىلمىي تەربىيىلەش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئۆزىدىن سوراپ كۆرۈشلىرى لازىم.

2. ئادەم بېدىكلىرىگە قارشى كۈرەشنى يالغۇز ھۆكۈمەت ۋە ساقچىلارنىڭ ئىشى دەپلا ئولتۇرماي، ئۇلارغا ئاكتىپ ھالدا ياردەم قىلىپ، تونۇمىغان، بىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ نەدە سېتىلغان ياكى ئالدانغان ئىكەنلىكى گۇمان قوزغىغان بالىلارنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق قۇتۇلۇپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇش لازىم.

3. ئادەم ئېلىپ ـ سېتىش بىر قەدەر كۆپرەك بولغان جايلاردا چارلاش، رازۋېدكا قىلىش، قۇتقۇزۇش پىلانىنى ئالاھى-دىلىككە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بالىلار كۆپرەك ئايلىنىۋاتقان، قېچىپ كېتىۋاتقان ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر-دە مەخسۇس تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتىنى كۈندىلىك خىزمەت-لەر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئادەم مەنبەسىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.

4. ئادەم بېدىكلىرى ۋە شايكا جىنايەت گۇماندارلىرىغا ئې-
غىرلىتىپ جازالاش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى
مۇسادىرە قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.
5. ئادەم ئېلىپ - سېتىشقا ئالاقىدار ئېغىر - يېنىك
گۇماندارلارنىڭ ھەممىسىنى ئاما ئالدىدا سازايى قىلىپ، ئۇلارنى
روھىدىن تازىلاش لازىم.

## نومۇسنى سېتىش

بۇ، تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئىنساني نازۇك ئەزالىرى-
نى جىنسىي تاجاۋۇزغا پاسسىپ هالدا ماسلاشتۇرۇش ھەمدە بۇنى
تۇرمۇش يولى ياكى چىقىش يولى قىلىشنى كۆرستىدۇ. بىر
قىسىملىرى ئالدىنىپ، بىر قىسىملىرى ئامالسىزلىقتىن، بىر
قىسىملىرى ئۆزى خالاپ بۇ يولغا قەدەم قويىدۇ. ئاز بولمىغان
نومۇسنى ساتقۇچىلاردا زىيانكەشلىككە ئۇچراش تارىخى بولغان
بولىدۇ.

### روھىي ھالىتى

نومۇسنى سېتىشنى تۇرمۇش يولى قىلغان ياكى مەجبۇرىي
ۋاستىلەر بىلەن نومۇسنى سېتىشقا يۈزلىنىۋاتقانلار كۆپىنچە
ئۆزىنىڭ مەھەللىسى ياكى يۇرتىدىن يىراق جايلاردا پائالىيەت
قىلىدۇ. ئامالسىزلىق، پۇشايمان ۋە ئۆزىگە نەپرەت قىلىشلار
ئارىلاش بولغان بىئارام روھىي ھالىتى بىلەن كۈنلىرىنى ھەر
خىل جىنسىي پاسكىنىچىلىقلار ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ، يۇرتداشلىرى
ۋە تۇغقانلىرىنىڭ كۆرۈپ ياكى تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.
پەقەت ئاز بىر قىسىملا ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدۇ. كەڭ
دائىرىدە كۆزەتكەندە، نومۇسنى سېتىش شەكىللىرىدە ئاساسلىقى
يالغۇز ياكى گۇرۇھ بولۇپ نومۇسنى سېتىش (نومۇسنى سې-
تىشقا مەجبۇر قىلىنىش)، (ئاياللار)، كەسپىي شەھۋانىي فى-
لىم ئىشلىگۈچى (ئەر ـ ئايال) ۋە ئايلىق، يىللىق جىنسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇلازىمەتچى (ئەر ـ ئايال) قاتارلىقلار زامانىمىزدا يېڭى شەكىل-لەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

## يامان تەرىپى

1. ئىنساننىڭ تەبىئىيلىكى، پاكىزلىقى ۋە تەپەككۇرىغا ئېگە جانلىق بولۇشى قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرغاندا، نومۇسنى سېتىش ئادەمنىڭ ھايۋانىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ماس كېلىدىغان ئىش بول-غانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىنسانلىققا يات قىلىق دەپ چۈشىنىلىدۇ.

2. ئۇ ئادەم ئەزالىرى خىزمىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزىدۇ، مېڭە، يۈرەك ۋە نازۇك ئەزالارنى زەخىملەندۈرىدۇ، مۇھىم ئەزا-لىرى بۇزۇلغان ئادەمنىڭ ئادىمىيلىكى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

3. ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يۇقىدۇ ۋە يۇقتۇرۇ-لىدۇ.

4. ئادەم جەمئىيەت ئىچىدە ياشىغان ئىكەن، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش، ياخشىلاش ياكى بۇزۇش كۈچىگە ئىگە بولى-دۇ. چۈنكى خۇي ۋە قىلىقمۇ يۇقىدۇ. ئادەملىرى يامان خۇيلۇق بولغان مىللەت خارلىق، قۇللۇق، مەستلىك ۋە كېسەللىك ئىچىد-ە پارچىلىنىپ ئاخىر يوقىلىدۇ.

## پسىخىك مەسىلىھەت

نومۇسنى سېتىش ھېچقاچان جىنسىي ئىستەكنىڭ ئۇلغىيد-شى بىلەن پەيدا بولمايدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە ساپا ـ سۈپەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇرەككەپ ئىج-تىمائىي مەسىلە. ئۇ ھەممە دۆلەت ۋە مىللەتلەردە مەۋجۇت. پۇلدىن باشقا ماددىي نەرسىلەر، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ھەر خىل قۇلايلىقلار ۋە ئىشنى ھەل قىلىۋېلىش قاتار-

لىقلار ئۈچۈن نومۇسنى بېرىشمۇ ئوخشاشلا نومۇسنى سېتىشقا كىرىدۇ. شۇڭا مەسىلىنى ئازايتىش (يوقىتىشقا ئىنسانىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ) ئۈچۈن شۇ رايوندا مائارىپ، مەدەنىيەت، مەنپەئەت تەقسىماتى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي بايلىقلار نىسبىتى جەھەتلەردە يېتەرلىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەزالىرىنى سېتىش

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەزالىرىنى سېتىش رايونىمىزدا ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، دۇنيا مىقياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسە بولغاچقا، بىز بۇنى ئاز - تولا بايان قىلىمىز.

**روھىي ھالىتى**

ئۆزى خالاپ ياكى باشقىلار تەرىپىدىن مەجبۇرىي رەۋىشتە ئوپېراتسىيە يولى بىلەن ئەزالىرىنى ئېلىپ سېتىش ئاشۇ قىسمەتكە ئۇچرىغان ئادەم ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئاچچىق ئەسلىمە ۋە بەختسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. بۆرەك، تېرە، كۆز، ئۇرۇقدان قاتارلىق ئەزالىرىدىن ئايرىلغان كىشى ئەمەلىيەتتە مېيىپ ھېسابلىنىدۇ. باللارنى ئالداپ ياكى ھوشسىزلاندۇرۇپ ئەزالىرىنى ئېلىۋالىدىغان قىلمىشلار ئىنسانغا يات روھىي ھالەتنىڭ تىپىك ئىپادىسى. جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشقان كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى، نىكاھ سۈپىتى، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىرىمى تۆۋەن، ئىقتىسادى تۆۋەن ۋە ئاخىرىدا روھى تۆۋەن بولىدۇ. بەزىلىرى پۇشايمان قىلسا، بەزىلىرى نادانلىقىدىن ئۆكۈنىدۇ. بەزىلىرى ئالدانغانلىقىدىن پۇچۇلانسا، بەزىلىرى ئادەم بېدىكلىرىگە نەپرەتلىنىدۇ. ھېچقانداق بىر ئەزانىڭ ئارتۇق ياكى كەم ئەمەسلىكىنى بىلگەن ۋاقتىدا چەكسىز روھىي ئازابقا پاتىدۇ.

**يامان تەرىپى**

بىرەر ئەزاسى كەم ئادەمنىڭ ئالدى بىلەن ئومۇمىي بەدەن

كۆچى ناچار كېلىدۇ، بەزىلىرىدە ئاسانلا قان ياكى سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئەزالىرى پۈتۈن بولمىغان ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە بەدەن كۈچى تەلەپ قىلىدىغان ئىبغىر خىزمەتلەردە ئاكتىپ بولۇشى ناتايىن، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، بەزى نادان ئادەملەرنىڭ مازاق قىلىشى ياكى كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ.

پسىخىك مەسلىھەت

1. ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولى ئارقىلىق بىر پۈتۈن بەدەننىڭ نورماللىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. شۇڭا بىرەر ئەزاسى ئېلىۋېلىنغان ياكى ئېلىۋېتىلگەن كىشى دەرھال تېبابەت ۋە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە ئۆزىنى كۈتۈپ، زىياننى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشى لازىم.

2. جەمئىيەتتە ھەر خىل سەۋەب ۋە ھەر خىل قاتلامدىكى كىشىلەر مەۋجۇت بولغاچقا، ئۆزىنىڭ مېيىپلىقىنى زۆرۈر بولمىسا ئاشكارىلىماسلىقى، بىلىپ قالغانلار بۇ ئىشنى يايماسلىقى لازىم.

3. كۈچلۈك ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن ئىلىم ئۆگىنىپ، ئىنسانىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشنىڭ شارائىتى ھەر مىنۇتتا مەۋجۇت. شۇڭا ئۆزىنى مېيىپ ئويلاپ روھىنى چۈشۈرۈپ يۈرگەندىن، شۇ كۈنلىرىنى بىرەر ساھەدە كۈچلۈك ئادەم قىلىپ يېتىلدۈرۈشكە سەرپ قىلسا، ھەرقانداق مېيىپ ئادەممۇ كىشىلەر ئەيمەنگۈدەك ھۆرمەتلىك ئورۇنغا چىقالايدۇ، ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا كىشى بولۇشى بىلەن مىڭ، ئونمىڭ بولۇشىنىڭ دەرىجىسى تامامەن ئوخشاش!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوقۇشسىز قېلىش

بۇ، تۇرلۇك رېئالنى سەۋەبلەر ياكى ئاتا ـ ئانا ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىدىكى ساپا ـ سۈپەت تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن مەھرۇم بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ھەر كۈنى تەڭتۇشلىرىنىڭ خۇشال ھالدا مەكتەپكە ماڭغانلىقىنى ئويلىسا يىغا تۇتۇپ، ئادەم يوق يەرلەرگە كېتىشنى ئويلايدۇ، يول ماڭسا يەرگە قاراپ چۈشكۈن يۈرۈيدۇ، چېغىر يول ياكى ئادەم ئاز يەرلەردە جامائەتتىن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىدىن يۈرىكى سىقىلىدۇ ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جاھىللىقىدىن ئاغرىنىدۇ ياكى كېسەلچان ئاتا ياكى ئانىسىغا ئىچى ئاغرىيدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە مەھەللىداشلىرىنىڭ ئوقۇش ئۆگىنىشكە تۇتقان سۇس روھىي ھالىتىدىن ھەيران قالىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۈمىدسىزلەرچە قىلغان ئاتالمىش نەسىھەتلىرىدىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ۋەيرانچىلىقلارنىڭ ھىدىنى پۇرىغاندەك بولىدۇ. كېيىنچە ئۆزىمۇ ئاشۇ پاسسىپ روھىي ھالەتكە كۆنۈپ، ھەر قانداق ئىشقا قاراپ تۇرۇش، كۈتۈش، قورقۇش ۋە جۈرئەتسىزلىك بىلەن قارايدىغان بوپقالىدۇ، جىنسىي جەھەتتىن يېتىلىشنى ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش دەپ قاراپ، مۇئەللىمسىز ئىشلارنى ئۆگىنىشكە چۈشۈپ كېتىدۇ...

**يامان تەرىپى**

ئالدى بىلەن ئانا تىل ـ يېزىقنى بىلمەسلىك ياكى ياخشى

بىلمەسلىكىدىن لوگىكىلىق تەپەككۇر (بىزدىكى ئەقىل) جەھەتتە ئاجىز كېلىدۇ، ئىلىم - بىرىمدا خاتالىشىدۇ، گەپ - سۆزى قوپال بولىدۇ، ئېتىقادى شەكلىي كېلىدۇ. ئۆزى ئوقۇمىغاچقا، ئوقۇشنىڭ پايدىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ، بالىلىرىنى ئوقۇتمايدىغانلار ياكى ئوقۇتسىمۇ ئۆي ئىشىغا كۆپ سېلىپ، ئوقۇشنى يوققا چىقىرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دەل مۇشۇنداقلاردىن چىقىدۇ. ئۇندىن باشقا، باشقا تىل ۋە مەدەنىيەتلەرگە قارىغۇلارچە ئۆچ كېلىدۇ، خەلقئارا مەسىلىلەرنى پەقەت دىنىي ھېسسىياتى بىلەن باھالايدۇ، ئۆزىنىڭ مىللىتى ۋە جۇغراپىيىسىنى بىلمەيدۇ، خىزمەت تېپىشتا قىينىلىدۇ، ئازراق ئىش تاپسا شۇنىڭغا شۈكرى قىلىپ جاھان مۇشۇ دەيدۇ. ئومۇمەن ئوقۇيالماي قالغان ئادەم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئورۇندا تۆۋەن، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا، ساپا - سۈپەت جەھەتتە كەينىدە تۇرىدۇ. بۇ ئىنسانلىق خىسلەتكە ئەيىب ئىشتۇر.

## پىسخىك مەسلىھەت

1. ئوقۇش — ئۆگىنىشنىڭ يەنە بىر خىل قان ۋە جان ئىكەنلىكى ھەر بىر ئاتا - ئانىغا خۇددى كەلىمى شاھادەتتەك ياد بولۇش لازىم. چۈنكى ئىلمى قان بولمىسا جىسمى قان بىلەن ئۆرە تۇرغان تەننىڭ ئېغىلدىكى ھايۋان بىلەن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ.

2. ئوقۇش بىلەن خىزمەتكە چىقىشنى بىر - بىرىگە باغلىۋالغان كىشىلەر بۇ روھىي تۈگۈچنى دەرھال يېشىۋېتىشى لازىم. ئىشسىز قالسىمۇ، دېھقان بولسىمۇ، يەر سۈپۈرسىمۇ ئوقۇغان ئادەم بولسۇن، كۆچەتنى بۈگۈن تىكىپ ئەتىسى تارتىپ باقسا

www.uyghurkitap.com

ياكى ھەلەپنى ھازىر بىرىپ ئارقىدىن قۇيرۇقىنى سىيلاپ كۆرسە
بولمىغىنىدەك، خىزمەت بولسا ئوقۇتىمىز، بولمىسا ئوقۇتمايمىز
دېيىلسە، ئىستىراتېگىيىدە ئۇتتۇلۇپ كېتىدىغان گەپ.
3. ئوقۇشقا ئەۋەتمەسلىك شۇ ئائىلىدە ئوقۇشقا مەبلەغ سې-
لىش ئىدىيىسىنىڭ سۇسلىقى بىلەن بەكلا مۇناسىۋەتلىك. بەزىلەر
بىر ـ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى سېتىپ بولسىمۇ بالىلىرىنى ئوقۇت-
دۇ. بەزىلەر ھويلا ـ ئارام، قوي ـ كالىسى بولغان بىلەن نەق
پۇلى بولمىغاچقا، بۇ «رېئاللىق» ئالدىدا ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ،
بالىغا «داۋلى» چۈشەندۈرۈپ، ئاخىر ئۆزىگە نادان بىر ئەۋلاد
مىراس قالدۇرىدۇ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك جەريان. شۇڭا تۆۋىنى
جەمەتىم ئىچىدە نام ـ ئەمەلى بار ئادەم چىقسۇن دېسەك، يۇقىرى-
سى ئەل ـ يۇرتقا داڭ كەتكۈدەك ئەۋلاد يېتىشسۇن دېسەك،
چوقۇم پەرزەنت ئوقۇتۇشنى چىڭ تۇتۇشىمىز لازىم.

# نامراتلىق

بۇ، ھەر خىل ئوبيېكتىپ ياكى ساپا ـ سۇپەت سەۋەبىدىن نامرات قېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئەللەردە نامراتلىقنى جىنا-يەت دەيدۇ. بىز ئۇنى ئەيىب دەيمىز. بۇ ئەيىب ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارغا تەۋە بولۇشىمۇ، ئاشۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە لايىق ئەيىب بولۇشىمۇ مۇمكىن.

## روھىي ھالىتى

نامرات ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن نامرات بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ سەۋەبىنى قوشۇمچە سەۋەبلەردىن ئىزدەيدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ جەھەتلەردە قىسىلغانلىقىنى ھەر مىنۇت، ھەر سائەتتە ھېس قىلىپ ئۇھ تارتىدۇ، نەق پۇل، نەق سودا ۋە دەمال پايدا كۆرمىگىنى ئۆزۈن بولغان كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ھاياتىنى مەنە-سىز ھېس قىلىدۇ. ئاغرىپ قالسا داۋالىنالماي ئېڭراپ ياتقان ئاتا ـ ئانا ياكى پەرزەنتىنىڭ بىچارە يۈزىنى ھەر بىر كۆرسە، يۈرىكى بىر قېتىم مۇزلايدۇ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، كۆزىگە ئاچچىق ياش كېلىدۇ. كۆپىنچىسى قەرز ئېلىشنى ئويلى-سا، ئاز بىر قىسمى يامان خىياللاردا بولۇپ، ناتوغرا يوللارغا ماڭىدۇ. پەقەت ساناقلىقلا كىشى غەم ۋە قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇ-رۇپ، ئىلىم ياكى قارا كۈچكە تايىنىپ پۇل تېپىشقا تۇتۇش قىلىدۇ ھەمدە نامراتلىق ياكى ئوقۇشسىز قېلىشتىن تارتقان جاپا-لىرىنى كېيىنكى ئەۋلادقا مىراس قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆز ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە ۋەدە بېرىدۇ.

**يامان تەرىپى**

نامراتلىقنىڭ يامان يېرى دەل شۇ ھالەتنىڭ ئىگىسىنىڭ قانداق قىلىپ ئۆز ھالىنى ياخشىلاشنى بىلمەسلىكى ھەمدە بۇنىڭغا مەبلەغ بولماسلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھالقىلىق مەسىلىدە توغرا بىلىش، زامانغا لايىق ھۆكۈمنى تېپىش نامرات ئادەمگە مۇشكۈل ئىش بولىسمۇ (چۈنكى ئۇنىڭ كۆپىنچە زېھنى ئاش ـ نان ئۈچۈن سەرپ بولغاچقا، ئەمەلىي بىلىمى تۆۋەن كېلىدۇ)، يەنە بىر تەرەپتىن، توغرا ئىشقا مەبلەغ سالسا تۇرمۇشقا تەسىر يەتمىگۈدەك دەرىجىدە پۇلى ياكى ماددىي ئاساسى بولۇشى كېرەك. بىزدىكى نامراتلار مانا مۇشۇنداق ئەقلىي ۋە ئىقتىسادىي نامراتلىققا تەڭلا دۇچار بولغانلار بولغاچقا، يۇقىرى بىلىم ۋە ئەقىلدىكى ئادەملەر نامرات ئۆتسە، ھەر پۇلى بار ئادەملەر تەدبىرىدە خاتالىشىپ تېزلا ۋەيران بولماقتا. يامان بولىدى دېگىنىمىز دەل بىلىمى بار ئادەملەرنىڭ بىلىمىنى ئىقتىسادقا ئايلاندۇرالمىغانلىقى ۋە ئىقتىسادى بار ئادەملەرنىڭ بىلىملىك ئادەملەرگە تەكەببۇرانە قاراشلىرىنى ئىشارەت قىلساقلا كۇپايە.

**پسىخىك مەسلىھەت**

1. نامراتلىقنى يېڭىشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىدىن بىرى دەل ئەسقاتىدىغان مائارىپتۇر.

2. ئوقۇش، ئۆگىنىشكە ئىجادىي مۇئامىلە قىلىشتۇر.

3. ھالال ئەمگەك ۋە ئەقلىي ئىقتىداردۇر.

4. باشقا مىللەت ۋە مەدەنىيەتلىكلەردىكى ئىلغار قاراش ۋە ئۇسۇللارنى تەنقىدىي تۇستە قوبۇل قىلىشتۇر.

5. ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى ئىچىدىكى ئىلمىي قاراشلارنى مەھكەم ساقلاپ، ئۇنى ئىشلىتىشتۇر.

# ئاغرىق ـ سىلاق

دۇنيادا مۇتلەق كېسەل ياكى مۇتلەق ساق ئادەم بولمايدۇ.
ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ رەئىس ئەزالىرى نىسبەتەن ساغلام، روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئەقلى جايىدا بولسا، بۇ ئادەمنى ساغلام ۋە باي ئادەم دەپ تونۇيمىز. بىراق ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش پائالىيىتىدىگە بىر مەزگىل تۇسالغۇلۇق پەيدا قىلىدىغان كېسەللىكلەرنى ئاغرىق ـ سىلاق دەپ ئاتاش بىر قەدەر مۇۋاپىق.

**روھىي ھالىتى**

ئاغرىپ قېلىپ نورمال ئادەمدەك يۈرەلمىگەن ئادەم ئەڭ دەسلەپتە «ئالدىراش ۋە قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئاغرىپ قالدىمغۇ» دېگەن خىيال بىلەن كۆڭلىرىنى تەستە ئۆتكۈزىدۇ. بالىلار بولسا ئاغرىغان يېرىنى ئۇرۇپ ياكى «كېسەل» نى ئەزالىرىدىن يۇلۇپ ئېلىۋەتكۈسى كېلىدۇ. دوختۇرغا كۆرۈنۈشتە ئالدى بىلەن ئىقتىسادنى ھېسابلاپ كۆرىدۇ. دوختۇر ياكى دورىگەرگە زور ئۈمىد باغلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەرزان، بىخەتەر ۋە ئاسان يوللار بىلەن ئۆزىنى داۋالىشىنى ئۈتۈنىدۇ. دوختۇردىن قورقۇنچلۇق سۆزلەر چىقماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدۇ، پات ـ پات كېسەللىك ئەھۋالىنى سورايدۇ، دوستلىرىنىڭ يوقلاپ تۇرۇشىغا تەشنا بولىدۇ.

**ياخشى تەرىپى**

ئادەم ئاغرىغان ۋاقتىدا ئاندىن باشقىلارنىڭ ئاغرىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئاغرىپ داۋالىنىۋاتقان ۋە ياتاقتا ياتقان كىشى ئىقتىسادىي چىقىمىنىڭ بېسىمىنى روھىدىن مۆلچەر قىلالايدۇ. كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاغرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە قىلمىشلىرى-
دا ئۆتكۈزگەن خاتالىرى، تەكەببۇرلۇقى ۋە قوپاللىقىنى ئەسكە
ئېلىپ پۇشايمان قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن جاھان پايدىلىرى
ئۈچۈن ھەريان چېپىپ ھارغان بەدەنلىرى ئاغرىپ قالغان ۋاقىتتا
ئارام تېپىپ قالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئاغرىشنىڭ مەلۇم جەھەتتىن
ئېيتقاندا، بەدەننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ياخشى
پۇرسىتىنى تاپقان ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ.

## يامان تەرىپى

1. ئاغرىغان ئادەم ئىش ـ خىزمەتتىن قالىدۇ، بۇنىڭدا
ئىقتىسادىي كىرىمى جىددىي تۆۋەنلەيدۇ.

2. ئاغرىغان ئادەم پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالىدۇ.

3. دوست ـ دۈشمەن ۋە يىراق ـ يېقىن ئايرىلىدۇ، مەنپە-
ئەتكە دوست بولغانلار يىراقلىشىدۇ.

4. قەرزى كۆپىيىدۇ.

5. ساقىيالماي قالسا بالىلىرى يېتىم ياكى ئاتا ـ ئانىسى
ھازىدار بولىدۇ.

6. ئىجتىمائىي ئورنى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ھۆرمىتى ئازى-
يىدۇ.

## پىسخىك مەسلىھەت

ئاغرىق ـ سىلاقىنىڭ ھەر ئىنساندا مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا
تەن بېرىش، ئارتۇقچە قايغۇرۇش ياكى خۇشال بولۇشتىن پەرھىز
تۇتۇش لازىم. كېسەلنى ئىمكانقەدەر تەبىئىي ئۇسۇللار ۋە يېمەك
ـ ئىچمەك، چېنىقىش بىلەن داۋالاشنىڭ يولىنى بىلىشى ياكى
تاللىشى لازىم. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا يولى بىلەن داۋالانسا، بىمار
نەق پۇلغا داۋالانغانغا قارىغاندا تېزرەك شىپا تاپىدۇ.

# ساۋاتسىزلىق

بۇ، ھەر خىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر ياكى سەل قاراش بىلەن ئانا تىل - يېزىقىدا يېزىش، ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى ھاسىل قىلالمايدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەرەققىيات ۋە ئېھتىياجنىڭ رېئالنى تەلىپى بويىچە بولغاندا، دۆلەت تىل - يېزىقى ۋە دۇنياۋى تىل - يېزىقلارنى بىلەلمىگەن، زامانىۋى تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان ئالاقە، قاتناش، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىلىملەردىن خەۋەرسىز كىشىلەرمۇ ساۋاتسىز ھېسابلىنىۋاتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ساۋاتلىق كىشىلەرگە كىتابتا - ژۇرناللاردىكى خەتلەر، كوچىدىكى ئېلانلار ۋە ئېكراندىكى چۈشەندۈرۈشلەر مەنە بېرىۋاتقان بولسا، ساۋاتسىزلارغا بۇلار بىر شەكىل ۋە نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ، ھەتتا بەزى ساۋاتسىزلار خەت كۆرسە ئىمىر - چىمىر بولۇپ، بېشى ئاغرىيدۇ، ھەتتا بەكرەك سەپسالسا قۇسۇپ سالىدۇ. بۇ ساۋاتسىز كىشىلەر سالامەتلىكىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ناچار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ئاڭلىغان گەپنىمۇ توغرا مەنىسى بويىچە چۈشەنمەيدۇ ياكى چۈشىنەلمەيدۇ. ساۋاتسىز ئادەم ھازىرقى تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەرنى يامان تەرەپتىن باھالاشقا مايىل بولىدۇ، ئەمما ئۆزىنى ئېتىقادتا چىڭ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۆزىگە ئوخشاشلار بىلەن ئازادە پىكىرلەشسىمۇ، ساۋاتلىق ۋە

ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بار يەردە سىقىم ھېس قىلىدۇ. پەرزەنتلە-
رىنى ئوقۇتۇشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. پەن - تېخنىكىغا
ئائىت بىلىملەر ساۋاتسىزلارغا ئىنتايىن تەس بىلىنىدۇ، چەت
ئەل تىلى ئۆگىنىشى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. بۇ بىزنىڭ نېمە
ئۈچۈن تەبىئىي پەن ۋە چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش سۈرئىتى ۋە
ئۈنۈمىمىزنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى ئەسلى سەۋەبنىڭ خاتاسىز دەل
ئۆزى.

**يامان تەرىپى**

نۇرغۇن تارىخىي ۋە رېئال مىساللاردىن مەلۇم بولىدۇكى،
ئۆزىنىڭ ئانا تىل - يېزىقى تېخىچە ئومۇملاشمىغان خەلقنىڭ
ئىلىمنى چۈشىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە تەكشەش ئىقتىدارى تۆۋەن
بولىدىغان بولغاچقا، باشقا تىل ۋە تېخنىكىلارغىمۇ ئوخشاشلا
ئەخمەقلەرچە ئۆچلۈك قىلىپ، بار شارائىتىنى يوق دەپ ھېسابلاي-
دۇ. نەتىجىدە يوق دېگەنسېرى يوق بولىدۇ. ئەسلى گەپكە كەل-
سەك، ئانا تىل - يېزىقنى بىلمەسلىك جىنايەت بولسا، دۆلەت
تىل - يېزىقنى چۈشەنمەسلىك بولسا ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. بۇنى
بىلمىگەن ئادەم ساۋاتسىز، بىلىمسىز، كېرەكسىز، ھەتتا نەرسە
- كېرەك دەپ چۈشىنىلىشى بارلا گەپ، دۇنيا تىللىرىدىن بىرەر-
نى بىلمىگەن زىيالىي ياكى مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئۆزلىرىنى دۇن-
ياغا ئاڭلىتالماي يۈرگىنى يۈرگەن. ئومۇمەن ساۋاتسىزلىق بولسا
نامراتلىق، ھۆرمەتسىزلىك ۋە كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان تۆپكى
ئامىل.

**پسىخىك مەسلىھەت**

1. ساۋاتسىزلىقنىڭ گۇناھ ۋە ئەيىب ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي

ئۇقتۇرۇش زۆرۈر.

2. ساۋاتسىزلار مەۋجۇت بولغان مەھەللە ۋە كەنت مۇدىرلىرى ئۆزلىرىنى ئەيىبلىك ۋە قەرزدار ھېسابلىشى لازىم.

3. دوكتور ۋە پروفېسسور بولسىمۇ، ئانا تىل - يېزىقىنى بىلمىگەن ياكى بىلىشنى خالىمىغان ئادەمنى يارىلانغان خەستە ئادەم دەپ چۈشىنىش كېرەك.

4. يېڭى يېزىقتا ئوقۇپتىكەنمىز، دەپ ھازىرقى يېزىقنى ئۆگەنمەيدىغانلارنى كۇندۇزى كۆتىنى ئوچۇق قويغان مەستكە ئوخشىتىش لازىم.

5. دۆلەت تىل - يېزىقىنى بىلمىگەن زىيالىنى زېھنى قويۇق ئادەم دەپ ھۆكۈم قىلىش لازىم.

6. ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىشكە نىيەت قىلمىغان ئالىمنى قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ، دېيىش لازىم.

7. بارلىق ۋە ھەر خىل ساۋاتسىزلارنى تېزدىن ئازايتىشقا يېنىمىزدىن پۇل، كاللىمىزدىن زېھىن ئاجرىتىشنى ئادەملىك خۇسۇسىيەت دەپ بىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھاقارەتكە ئۇچراش

بۇ بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشى ياكى كىشىلەر تەرىپىدىن تىللاش، چۆكۈرۈش، كەمسىتىش شەكلى بىلەن ھاقارەتلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھاقارەت ئاۋازلىق بولۇشىمۇ، يېزىقلىق بولۇشىمۇ، ھەتتا شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. شەكىلسىز ھاقارەتلىنىشمۇ بار بولۇپ، ئۇنى كۆچلۈك شەخس ۋە ئاپپاراتلار قوللىنىدۇ. بۇ ھاقارەتنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە قاتتىقى ھېسابلىنىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئادەم قارشى تەرەپنىڭ دېگەن سۆزىنى قايتا ـ قايتا ئەسلەپ، مەنىسىگە ھەسسىلەپ مەنە قوشۇپ چۈشىنىدۇ، غۇرۇرى پۇچۇلىنىپ، غەزەپكە كېلىدۇ، سۆزلىمەي ھەرىكەت بىلەن قىلىنغان ھاقارەتنى كېيىنرەك چۈشەنسىمۇ، بۇ خىل ھاقارەتنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىنىدۇ. كۈچلۈكلەرنىڭ ھەر خىل قانۇنىي ياكى قائىدە ـ تۈزۈم رامكىسى ئىچىدە قىلغان ھاقارىتىگە زادىلا چىدىيالمايدۇ. مەسىلەن: بىرەر ئورۇن ياكى شىركەتتە ئىشلىگەن ئادەمگە يا جىنسىغا ياكى ئىقتىدارىغا ۋە ياكى كېلىپ چىقىشى (سالاھىيىتى) گە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىشى ھاقارەتكە ئۇچرىغۇچىدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. مەيلى قايسى خىل، قانداق ۋاسىتىدىكى ھاقارەت بولسۇن، بۇنىڭ ئۇۋالىغا ئۇچرىغۇچىدا مەلۇم مەزگىللىك ياكى ئۆمۈرلۈك روھىي

يارا قالدۇرۇشى، ئۆچ ئېلىش ۋە ھاقارەتنى تېخىمۇ چوڭقايتىپ قايتۇرۇشنى پەيدا قىلىدىغانلىقى ھەممەيلەنگەن ئايدىڭ بولغان روھىي ھالەت. بۇ چاغدا ھاقارەت قىلغۇچى بىلەن قىلىنغۇچى ئوخشاشلا نورمالسىز بىر ۋەزىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ.

### يامان تەرىپى

ھاقارەتنىڭ ئۆزى چۈشەنمەي ھۆكۈم قىلىش، بىلىپ تۇرۇپ كەم سۇندۇرۇش ياكى كۈچ ـ ئامىتىگە ئىشىنىپ تەكەببۇرلىشىپ كېتىشلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مەيلى قانداقلا سەۋەب ياكى قانداق نۇقتىدىن كېلىپ چىققان بولسۇن، بۇنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان دەمال ياكى كېيىنلىك تەسىرى ناھايىتى يامان بولىدۇ. تەلۋىلەرچە تىللىشىش، ۋەھشىيلەرچە ئېلىشىش ۋە قاتىللارچە قان تۆكۈش ئەمەلىيەتتە شەكىللىك ياكى شەكىلسىز ھاقارەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشلىرى ھېسابلىنىدۇ. بەزى ناھەق ھاقارەتلەنگۈچىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ماھىيەتلىك تەرەپلەرگە باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ ھەمدە بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشنى ئەجدادى ۋە ئۆزىدىن كۆرىدۇ. بەزىلەر بولسا دەمال ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە قانۇنغا ۋە ئەخلاققا خىلاپ ئىش قىلىپ، ئاخىرىدا گۇناھكار تەرەپتىنمۇ ئېغىر گۇناھقا قېپقالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت مۇقىملىقىغا زىيانلىق.

### پسىخىك مەسلىھەت

ئالدى بىلەن ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھاقارەتكە ئۇچراش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتە ئاساس يارىتىش لازىم. چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت ۋە ساپا ـ سۈپەتتە يۇقىرىلىغان ئادەمنى ھاقارەتلەشكە ھەر كىم ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا نام ـ شەرىپىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ئېڭىنى كۆتۈرۈش لازىم. مېنىڭچە ئۇرغاندىن تىللىغان يامان بولىدۇ. شۇڭا شەخس، جەمئىيەت ۋە مىللەت نامىغا قىلىنغان ھاقارەت دېلولىرىنى ۋاقىت ۋە پۇل ئاجرىتىپ قانۇن يولى بىلەن ھەل قىلىش لازىم. ئەمما ھەر قانداق چوڭ ـ كىچىك ھاقارەتكە ئوخشاش ئۇسۇلدا زورلۇق يولىنى تۇتقاندا شەخس بىلەن شەخس ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت كۈچىيىپ، مەسىلە ھەل بولماي، تېخىمۇ يوغىناپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا ئىستىخىيىلىك ۋە ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلىنىش لازىم.

## باسقۇنچىلىقتا ئۇچراش

بۇ، زوراۋان ۋە مەدەنىيەتسىز كىشىلەرنىڭ جىنسىي تاجا-ۋۇزچىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قىلىنغان بۇ ياۋايى قىلمىش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدا جىسما-نىي ۋە روھىي يارا پەيدا قىلىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغۇچى ئۆزىنى قۇل ياكى مەھكۇم ئورنىدا كۆرۈپ، تاجاۋۇز قىلغان كىشىگە چەكسىز نەپرەت ھېسسىياتىدا بولىدۇ، ئۆزىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئالدىدىكى كۈچسىز ھالىتى-نى قايتا - قايتا ئەسلەيدۇ، ئۆزىگىمۇ كايىپ ۋاقتىدا ئۆيگە قايتمىغانلىقى، بىخەتەرلىكنى ئويلاشمىغانلىقى، نەسىھەتكە قۇلاق سالمىغانلىقى ۋە ئېچىملىككە ئارىلىشىپ قالغانلىقى... نى ئويلا-پ پۇشايمان قىلىدۇ. نام - شەرىپىنىڭ بۇلغانغانلىقى، پاكلىق ۋە ساداقەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئويلاپ، قاتتىق ئازابلىنىدۇ، كې-سەل يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، خەتەرلىك كېسەل يۇققان بولسا داۋالىتىپ بولالماي يۈرىكى لەختە بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى 20 ~ 15 يىل يېتىلدۈرگەن ياخشى دۇنيا قارىشى ۋە تەن سۈپىتىنىڭ ئادەمسىمان ھايۋان تەرىپىدىن زېدىلەنگەنلىكىنى باشقىلاردىن يوشۇرسىمۇ ئۆزىدىن يوشۇرالماي، ئۆمۈرلۈك روھىي زىمىستان ئىچىدە قورقۇش ۋە تىترەك ئىچىدە ئۆتىدۇ. قانۇنغا مۇراجىئەت قىلسا ئاشكارا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ.

**يامان تەرىپى**

1. ئىنسانلىق ھوقۇقى ۋە ئىختىيارلىقىدىن رۇخسەت ئېلىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماي قىلىنغان ھەر قانداق ئىشقا ئوخشاشلا، باسقۇنچىلىقمۇ بىر خىل ئىرادىگە خىلاپ ئىش بولغاچقا، شۇ ۋاقىتتىلا قاتتىق روھىي ئازاب ۋە جىسمانىي زەخىملىنىش پەيدا قىلىدۇ.

2. جەمئىيەت ئادەملەردىن تۈزۈلگەن تەشكىلات بولغاچقا، بىر ئادەمنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن باسقۇنچىلىققا ئۇچ-رىشى شۇ تەشكىلاتتىن چاتاق چىققان بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

3. ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى زىيانغا ئۇچرايدۇ، كېسەل يۇقىدۇ ۋە يۇقتۇرۇۋالىدۇ.

پىسخىك مەسلىھەت

باسقۇنچىلىق دېلولىرىدا جىنايەت فائىلىنى ئېغىرلىتىپ جا-زالاش لازىم. بولۇپمۇ نارەسىدىلەرگە چېقىلغان ھەمدە ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئاياللارنى خارلاپ باسقۇنچىلىق قىلغانلارنى ئىق-تىسادىي جەھەتتىن گۇمران قىلىش ۋە قاماشنى بىللە قوللىنىش ئارقىلىق جازالاش كېرەك. مۇمكىن بولسا پوخورلۇق قىلىش ۋە باسقۇنچىلىق دېلولىرىغا مەخسۇس قاراپ چىقىدىغان تارماق سوت كوللېگىيىسى قۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ھەر كۈنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، يۇرۇش - تۇرۇشىغا، ئۈزۈنراق كېيىنىشكە دەۋەت قىلىشى، ئۆيگە بالدۇر-راق كېلىشنى تاپىلىشى لازىم. توغرا كەيپىيات ۋە ئىلمىي روھتا يۇرمىگەن قىز - ئوغۇللارنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچراش ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا ئىنسانلار ئەڭ ياخشىسى ئىلىم، تېخنىكا ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش بىلەن ئالدىراش يۇرۇشلىرى، جىنسى-يەت ۋە شەھۋانىيلىق تەشۋىق قىلىنىدىغان، ئەرەب - ھىندى ناخشا - ئۇسۇللىرىغا ھەۋەس قىلماي، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە سادىق بولۇشلىرى لازىم.

# ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىش

ھاياتنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرى ۋە ھەر خىل شارائىتلىرىدا ئىنسانغا ئۇچرايدىغان خاپىلىقلاردىن دەل ئاچ ۋە يالىڭاچ قېلىش. تۇر. گەرچە بۇ ھەممىلا ئادەمگە كەلمەيدىغاندەك قىلسىمۇ، بىراق روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىكى ئاچ ۋە يالىڭاچ قېلىشلارنى ھې. ساب قىلغىنىمىزدا بىر ئادەم ئۆمرىدە نەچچە قېتىملاپ مۇشۇ ھال بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

**روھىي ھالىتى**

مەيلى قورساق ئاچ قالسۇن ياكى كۆڭۈل ئاچ بولسۇن، ئومۇمەن ماددىي ۋە مەنىۋى ئاچلىق ئادەمنى ئۇنى قولغا كەلتۈ. رۈشكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئىنسان داۋاملىق تىرىشىدۇ، ئىلىشىدۇ، تىركىشىدۇ، چىرمىشىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۈن خۇش بولىدۇ، خاپا بولىدۇ، بەزىلەر توقلۇقتىن زېرىكسە، بەزىلەر ئاچلىقتىن تېرىكىدۇ، بەزىلەرنىڭ قورسىقى توق بولسىمۇ، روھى ئېچىرقىغان بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ قورسىقى ئاچ، كىيىمى يېلىڭ بولسىمۇ، قەلبى گۈزەل، كاللىسى سۈپەتلىك بولىدۇ. شۇنىڭغا باققاندا، ئادەم ئۆمرىنى ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋى ئاچلىقلاردىن روھىي ۋە جىسمانىي نەپسلەردىن ساقلاپ قالالمايدۇ، دۇنيا يەنە كېلىپ ئادەمنىڭ ئەنە شۇ «تويماسلىق» روھىي ھالىتىنىڭ ھەي. دەكچىلىكى بىلەن تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ.

**ياخشى تەرىپى**

ھەر قانچە ئۈستۈن، ئەقىللىق، باي ئادەملەرمۇ ئۆزى بىلـ. گەن ياكى تويمىغان ئەھۋالدا ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى بۇنداقلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى دۈشمەنلە-
رى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ، كۈچلۈك ۋە ۋا-
ستە تاللىمايدىغان دۈشمەن بۇ ئادەملەرنى كۆكتىن يەرگە، چوق-
قىدىن زېمىنغا، ئاسماندىن دېڭىزغا ئېتىشى مۇمكىن. مانا بۇ
ھالدا ياشايدىغانلار كۆپ ۋە نورمال بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەملەر
ئۆزلىرىنى جاپا تارتقان، يىقىتىلغان «ئاچ ـ يالىڭاچ قالغان»
ھېسابلايدۇ. ئۇندىن باشقا ھەقىقەتەنمۇ قورساق ۋە كىيىمدىن
قىينىلىۋاتقان ئىنسانلار يۈز مىليونلارچە، ئەمما ئىنسان شۇنداق
ئېلاستىكلىق بىر جانلىقكى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئوتتۇرا ھې-
سابتا 1.7 مېتىر كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنى مىسالەن ئۇنىڭدىن
نەچچە ئون ھەسسە ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىش مۇمكىن. يەنى
ئادەم بېشىغا كەلگەن خاپىلىقلارنى ھېس قىلىش ۋە كۆتۈرۈش
ئىقتىدارىغا ئىگە. بەزى تەكەببۇر بايلار، ھورۇن زىيالىيلار ۋە
دۈشمىنى كۆپ ئاقىللار ئۆزى بىلسىمۇ، ئەمەل قىلماۋاتقان ھا-
يات دەرسلىرىنى سومكىسىغا سېلىپ يۈرۈپ ئوقۇمىغان بىلەن،
بېشىغا ئاچلىق ۋە يالىڭاچلىق كەلگەندە ئاندىن ئىزدەپ يۈرۈپ
قايتا ـ قايتا توۋا قىلىپ ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. بولۇپمۇ مەنىۋى
دۇنياسى ماددىي توقلۇقتا ئاچ قالغان مەمۇرىي، ئىلمىي ۋە سىيا-
سىي خادىملار ئۈچۈن ھەر خىل ھايات خاپىلىقلىرى تولىمۇ كې-
رەكلىك ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

### يامان تەرىپى

ئوقۇشسىز قالغان ياكى ئوقۇشقا قىزىقمىغان، بىلىمى بول-
سىمۇ تېخنىكىسى بولمىغان، ئۆزىنىڭ ئىشىنى پۇختا قىلماي
دۇنياۋى دۆلەتلەردىن قېيداپ يۈرگەن، بىر خىللا مەھسۇلاتقا
قاراپ قالغان ھەمدە شارائىت بولسىمۇ ئۇنى يوق دەپ يۈرۈپ تىل

ۋە تېخنىكا ئۆگىنىشكە ھۇرۇنلۇق قىلغان كىشىلەرگە ئاچ ۋە يالىڭاچلىقنىڭ ھەر قانداق بىر تۈرى قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلەيدۇ، بەزىلىرى چۆچۈپ ئويغانسا، بەزىلىرى تېخىمۇ ھۇرۇن، قېيىدىغاق بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا جىنايى يوللاردا مېڭىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ھاللار بىر شەخس بىلەن تۈگىمەيلا قالماي، بەلكى پۈتۈن ئائىلە ۋە يۇرت ئۇچۇنمۇ چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## پىسخىك مەسلىھەت

بۈگۈننىڭ ئىچىدە ياكى ئەتە ـ ئۆگۈن بەخت كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ تىرىشىپ تۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادىسگە باغلىق بولمىغان ھەقلىق ياكى ناھەق ئىشلارغا ئۇچراپ كېتىشىمىزنى ئالدىن مۆلچەرلەپ تۇرۇش — ئىنساني رادار سىستېمىسىغا ئىگە ئادەملەردىكى ئىقتىدارلاردىن بىرى. ھەمىشە قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان، ھەمىشە ماختاش ۋە مەدھىيە ئىچىدە ياشىرىپ يۇرۇشنى ئويلايدىغان، ئىككى قېتىملىق ۋەزىپە مۇددىتى توشسىمۇ تىرەجەپ ئورۇن بوشتىشنى خالىمايدىغان، ماددىي بايلىقنى ئەل ـ يۇرتقا پايدىلىق تەرزدە قوللانمايدىغان ئادەملەر ھامىنى بىر كۈنى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ۋە ياكى نامەلۇم كۈچلەر تەرىپىدىن زورلۇق كۈچ بىلەن زەربە يەپ كېتىدۇ. ئۇندىن باشقا بېشىغا ئىش كەلمىگۈچىلىك تەييارلىق ھالىتىدە تۇرمايدىغان، ھۇرۇن ۋە غەۋغاچى بىر قەۋم تەييارلىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ئىشلارنى مەڭگۈ بىلەلمەي، قەددىنى قايتا رۇسلىيالماي قالىدۇ. شۇڭا مۇشۇ دەرسلەرنى ئوقۇمىغان ۋە ياكى يوغانچىلىق قىلىپ ئوقۇشنى خالىمىغان ئادەملەر ۋە خەلقلەر بۇ تاپشۇرۇقنى ھازىرلا ئىشلەپ تۈگىتىشلىرى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاڭچىلىقتا ئۇچراش

بۇ، دىققەت قىلىنمىغان شارائىتتا مال ـ مۈلكى ۋە قىممەت-
لىك ئاسار ئەتىقە ۋە ئەسەرلىرىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا تارتىۋېلى-
نىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاشكارا ياكى نىقاب تاقاپ زورلۇق قىلىدى-
غان، ھەر خىل ئالاقە ۋە قاتناش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىدىغان
بۇلاڭچىلار ھەر يەردە مەۋجۇت.

**روھىي ھالىتى**

بۇلاڭچىلىقتا ئۇچرىغۇچى دەسلەپتە قاتتىق چۆچۈپ ھەم قور-
قۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. ھاياتى كاپالەتكە ئىگە ئىكەن-
لىكى شەرت قىلىنغاندىن كېيىن ئەقلىگە كېلىپ پۇل ـ ماللىرى-
نى چىقىرىپ ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈنىدۇ. بەزىلەر شۇ ھالەت-
تىمۇ پۇل ـ مېلىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ھەممىنى ئېلىۋالمى-
سىكەن، ھاياتىمغا دەخلى ـ تەرۇز يەتمىسىكەن دەپ ئويلايدۇ.
بەزىلەر ماقۇل بولغان بولۇپ، بۇلاڭچىنى تەسىرسىز ھالغا كەلتۈ-
رەلەيدۇ، بەزىدە بۇلاڭچىغا پايدا بېرىپ قۇتۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ
(مەن ئالماتادا رىكتتقا ئۇچراپ، مانات، سوم ۋە لىراغا ئوخشاش
قىممىتى تۆۋەن پۇلدىن بىر تۇتام بېرىپ تىنچ قۇتۇلغان ئىدىم).

**يامان تەرىپى**

ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ، مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىدۇ،
مېيىپ قىلىنىدىغانلارمۇ بار. بەزى ۋەھشىي بۇلاڭچىلار پۇل ـ
مالغا قوشۇپ ئادەمنىمۇ قەتلى قىلىۋېتىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت جاپا-

لىق تىرىشىپ يىغقان ئەجىر پۇلى بىردەمدىلا يوق بولسا، شۇ ئادەم ۋە ئائىلىنىڭ تەقدىرى باشقىچە ئۆزگىرىشى مۇمكىن. ئۇ-نىڭ ئۈستىگە ئوغرى ـ بۇلاڭچى ۋە قاپقاچچى (يولۇچىنىڭ سوم-كىسى ياكى باشقا نەرسىلىرىنى ئېلىپلا قاچىدىغان يېڭىچە ئوغرى-لار) غا ئۇيۇشۇملۇك تاقابىل تۇرالمىغان دۆلەتنىڭ خەلق-ئارالىق ئوبرازى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئىجتىمائىي كەيپىياتى بۇل-غىنىدۇ، ئىزا ـ خىجالەت يوق بولىدۇ.

پىسخىك مەسلىھەت

1. مەمۇرىيەت، ئۆگىنىش ۋە ئىشلەش پۇرسەتلىرىنى تەڭ-پۇڭلاشتۇرۇش ھەمدە ئىش ئىمكانلىرىنى يارىتىشقا تىرىشىشى لازىم.

2. ھەر كىم ئۆزىگە پۇختا، تەدبىرگە باي بولۇشى لازىم.

3. ھەرقانچە باي ۋە يولى ئوچۇق ئادەممۇ خەقنىڭ كۆزىنى قىزارتىدىغان ئەخمىقانە شۆھرەتپەرەسلىكتىن ئۆزىنى تارتىشى لازىم.

4. ئوغرى ۋە بۇلاڭچىلارنى تۇتۇشقا مەخسۇس ساقچى ئەترە-تى، ئۇلارنى سوتلاشقا مەخسۇس كوللېگىيە قۇرۇش لازىم ھەمدە تۇتۇلغانلارنى جەرىمانە قويماي ئۇزۇنغىچە قاماش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# قويۇلۇپ كېتىش

بۇ، بەش ئەزاسى ساق، بېجىرىم ئادەمنىڭ پۇختا تەييارلان- غان ئىقتىسادىي قىلتاقفا ئىلىنىپ، قاتتىق زىيانغا ئۇچراپ كې- تىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەنىۋى بايلىق ۋە روھىي ئەقىدە جەھەتلەر- دىمۇ قويۇش ـ قويۇلۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

**روھىي ھالىتى**

قويۇلغۇچى بىرلا ۋاقىتتا ئالدانغانلىقى ۋە بۇلاڭچىلىققا ئۇچ- رىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل زەربىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئۆزىنى خېلى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان ئادەم- نىڭ بىردەمنىڭ ئىچىدە يا مەنىۋى جەھەتتىن ياكى ماددىي جەھەت- تىن قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېنىق بولمىغان ئاچچىق ھېسلارنى پەيدا قىلىدۇ. بەزىلىرى پۇل ـ مالنىڭ سانىغا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىغا غەزەپلىنىدۇ، بەزىلىرى پۇل ـ مېلىنىڭ يېرىمى قايتىپ كېلىدىغان ئىش بول- سىمۇ كۆچۈكلىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئومۇمەن ئۆزىنىڭ ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلمىغانلىقى، ئىنچىكە ھالقىلارنى سورىۋالمىغانلى- قى ھەمدە ئىنچىكە يازما توختام تۈزۈۋالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشاي- مان يەيدۇ، باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىغا ئۇچراپ تېخىمۇ تې- رىككەك بولۇپ كېتىدۇ.

**يامان تەرىپى**

پۇل ـ مېلى ۋە ئەقىدىسىگە قىلىنغان خىيانەت سەۋەبىدىن

شۇ كىشىنىڭ ئابرۇيى تۆۋەنلەپ، خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى قالماي-
دۇ، ئىقتىسادتا قىينىلىپ، زىياننى تولۇقلاشقا قۇربى يەتمەي،
كۈندىلىك تۇرمۇشنى قەرزگە تايىنىپ ئۆتكۈزىدۇ، قەرز ئىگىلىد-
ىرى كۆپىيىپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كۆپىيىدۇ، ئالدامچىنى
يېڭىشكە قانۇنىي ئاساس تاپالماي ياكى تاپسىمۇ قويمىچىدىن پۇلد-
ىنى ئالالماي، ئاخىر قانلىق ۋەقە چىقىشىمۇ مۇمكىن. بەزى
ئەھۋاللاردا قويمىچى قويۇلغۇچىغا ئەقىل كۆرسىتىپ، ناتوغرا
يوللارغا بىللە مېڭىشقا قىزىقتۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. نەتىجىدە
ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلىدۇ، ئىنسانىي ئىشەنچ ۋە ئۆزئارا
ياردەملىشىش سۇسلاپ، قېرىنداشلىق ۋە يۇرتداشلىق ھېسسىياتى
غۇۋالىشىدۇ. ئاز ساندىكى قويمىچىلارنىڭ ئەسكىلىكى بىلەن نۇر-
غۇن ئوبدان ئادەملەرمۇ ياخشىلارغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ، مىل-
لەت ۋە جامائەت ئىناقلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

## يېشىلىك مەسىلىھەت

1. ئالدى بىلەن سوغۇققانلىق بىلەن شۇ ئىشنىڭ ماھىيىتى ۋە ھالقىلىرىنى ئوبدان ئىگىلىشى، توختامنى تولۇق ۋە قانۇنلۇق تۈزۈشى لازىم.

2. ئەسلى ئىگىسىنى ئېنىقلاپ، رەسمىيەتلەرنىڭ تولۇق بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى، ئۆزىگە تولۇق ئىسپات نۇسخىسى قالدۇرۇشى لازىم.

3. ئالدامچىلارنى قانۇنىي يول بىلەن ئادالەتكە ئىقرار قىل-
دۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئەخلاق ۋە ئىنسانلىق جەھەتتە جامائەت پىكرى ئوقىغا تۇتۇش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بالىدىن ئايرىلىش

بۇ، ھەر خىل ئىچكى ـ تاشقى سەۋەبلەر ۋە بىخەستەلىك سەۋەبىدىن بالىدىن ئايرىلىپ قېلىش ياكى يىتتۈرۈپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ، بەزىلەردە نىكاھتىن ئاجرىشىش، بالىلىرى قېچىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەردىنمۇ ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

بالا — ھاياتىنىڭ مېۋىسى، بالىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ئاتا ـ ئانا ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى چەكسىز ئازابلايدۇ، ئۇلار ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە بالا يىتكەن جايدا ئۆزىنى سەزمىگەن ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ، ھويلا ـ ئارام، مەھەللە ـ كەنتنى توختىماي ئاقتۇرۇپ چىقىدۇ، يېزا ۋە ناھىيە بازارلىرىنى ئارىلايدۇ، ئۇرۇمچى ۋە باشقا شەھەرلەردىن ئىز ـ دېرىكىنى قىلىدۇ، دېلو مەلۇم قىلىدۇ، ئېلان چىقىرىدۇ، بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنە قىلىش ئەۋجىگە چىقىدۇ، بولۇپمۇ قىز يوقالسا ئاتا، ئوغۇل يوقالسا ئانا ئىچ ـ ئىچىدىن يىغلاپ ئۆزلىرىنى ئەيىبلەپ، نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا نەچچە ياش قېرىپ كېتىدۇ.

**يامان تەرىپى**

ھەر قانچە ئېغىر ۋە مەسئۇلىيەتسىز ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى توغرىلىق تەخمىنىي قاراش ۋە ئارزۇ ـ ئارمىنى بولىدۇ، سۆيەتلىك ئاتا ـ ئانىلار بولسا بالىلارنى

كىچىكىدىن تارتىپلا مەقسەتلىك تەربىيىلەيدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، ھەر سەۋەبتىن بولسۇن، بالىنىڭ يېتۈپ كېتىشى بىر ئائىلە ئۈچۈن تەسۋىرلىگۈسىز ئازاب ۋە بەختسىزلىك بولىدۇ. ئازابلانغان، ئىش ـ ئوقىتىنى تاشلاپ بالىنىڭ غېمى ۋە دېرىكى ئۈچۈن ھەريانغا چاپقان ئاتا ـ ئانىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي سالامەتلىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ، تەپەككۇرى ناچارلىشىدۇ، نورغۇن پۇرسەتلەردىن قۇرۇق قالىدۇ، كىرىمى تۆۋەنلەپ، چىقىمى ئېشىپ، بارغانسېرى نامراتلىشىدۇ، باشقا بالىلارنىڭ يوقىرىلاپ ئوقۇشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ھەتتا بەزى ئاتا ـ ئانىلار بۇ زەربىنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشى، باشقا بالىلارنىڭ ئوقۇشى ۋە ئەركىنلىكىنى يوق قىلىشى مۇمكىن. بولۇپمۇ نارەسىدە بالىلىرى يېتۈپ كەتكەنلەردە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئۆيى بۇزۇلۇپ، بالىدىن ئايرىلغانلارنىڭ يۈرىكى قايتا تۈزەلمىگۈدەك دەرىجىدە زەخىملىنىدۇ.

**پىسخىك مەسلىھەت**

1. بالىلارنىڭ ئۆي ئەتراپى ۋە سىرتلاردىكى ئويۇن، ئوقۇش ۋە ئىشلەش شارائىتلىرىنى ھەر دائىم ئىگىلەپ تۇرۇش، دوستلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى «پەرزەنت» ى بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرۇش كېرەك.

2. ئۆي خىزمەتچىسىگە دائىم تاپىلاپ تۇرۇش، ئۆزى بىللە چىققاندىمۇ دىققەتلەپ، سۈت يېشىدىكى بالىلارنىڭ يېتۈپ كېتىشلىكى ئۈچۈن مىنۇت، سېكۇنت «جەڭگىۋار» ھالەتتە تۇرۇشى لازىم.

3. بالىلارغا جۇغراپىيە، تارىخ ۋە جەمئىيەت ۋەقەلىرى

توغرىسىدا ساۋات سۆزلەپ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان يۇرت توغرىسىدا ساۋات سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان يۇرتنىڭ ئوڭ ـ سولىنى بىلىش چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا يامان ئادەم، يامان ئىشلار ئارقىلىق ئىبرەت ئېلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆ-تۈرۈش لازىم.

4. چوڭ مەسىلە بولمىسا، نىكاھتىن ئاجراشقانلار تۈۋا قىلىپ، بالىنى ئاتا ـ ئانىلىق قىلىشقا يۈزلىنىشى كېرەك.

# ئەتىۋارلىقىدىن ئايرىلىش

بۇ، ئۆزى ياقتۇرىدىغان، قەدىرلەيدىغان ۋە ساقلاپ قويىدىغان نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ. كۈندىلىك خاتىرە، تېلېفون خاتىرىسى، تەسىرات خاتىرىسى، خاتىرە بۇيۇمى، رەسىم، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى، قولىيازما، ئويۇنچۇقى... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## روھىي ھالىتى

ئادەمدە بىر خىل نەرسە ۋە بۇيۇملارغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بولىدۇ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۆز يېنىدا ساقلاپ كەلگەن نەرسىلەر ۋە شۇ كىشىنىڭ ھايات مەنزىلىدىكى ھەمراھى ھېسابلىنىدۇ. جانلىقلاردىن ئىت، كەپتەر ۋە باشقا تىرىك ئويۇنچۇقلىرى تېخىمۇ شۇنداق. بۇلارنىڭ بىرەرسىدىن ئايرىلىپ ياكى ئۇنى يىتتۈرۈپ قويۇش بولسا، شۇ كىشىنىڭ مەلۇم بىر ھايات مۇساپىسى يىتىپ كەتكەندەك ياكى ئۈزۈلۈپ قالغاندەك تۇيغۇلارنىڭ سەۋەبچىسى بوپقالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى يىتكەن ۋە ئايرىلىپ قالغان نەرسىسى بىلەن ئەينى ۋاقىتلارنى بىرلەشتۈرۈپ خىيالىدىن چىقىرىۋېتەلمەي، خېلى ۋاقىتلارغىچە شۇ نەرسىسىنى ئەسلەيدۇ. بىر يەرلىرى ئېچىلىپ ياكى كەم قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئىمكانقەدەر ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشىدۇ، ياخشى قارىمىغان ۋە يىتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى ئەيىبلەيدۇ، مىجەزى چۈشلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا بەزى

زىل ئادەملەر ئامراق نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ياشاش قىز-
غىنلىقىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەگەر تاسادىپىي تېپىلىپ قالسا،
خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالماي قالىدۇ.

**ياخشى تەرىپى**

يىتكەن نەرسىسىنىڭ قەدرى بار چېغىدىكىدىن يۇقىرى بولى-
دۇ. شۇ كىشىنىڭ هايات مۇساپىسىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرگە شا-
ھىد بولغۇچى نەرسىلىرى يىتكەندە ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا
ئۇنى تېپىش، ئۇنى سېغىنىش ئىستىكى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈ-
لىدۇ، قولىدا قالغان قىسمىنى قەدىرلەشكە تىرىشىدۇ. قالايمى-
قان، رەتسىز ۋە پاكىز تۇتمىغان بولسا، بۇندىن كېيىن مەخسۇس
ۋە بىخەتەر جاي تېپىپ رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا نىيەت قىلىدۇ.

**يامان تەرىپى**

بەزى بۇيۇملارنى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ،
بەزىلىرىنى تەقلىدىي ياسىغىلى بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ كۆڭۈل
ئەسلىمىسىنى قايتا يېڭىلىغىلى بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئىچكى سى-
رى، مۇناسىۋەت دائىرىسى ۋە تەسىرات خاتىرىسىنى ئۆز پېتى
يېزىپ ياكى ئەسلەپ چىققىلى بولمىغاچقا، مەلۇم دەۋر ۋە ئىشلار
توغرىسىدىكى ئەسلىمە تولۇق ياكى توغرا بولماي قالىدۇ، ئەۋلاد-
لارنى تەربىيىلەش، ئۆزىگە ئەرمەك بولۇش رولىغا ئىگە ئەسەر
ياكى بۇيۇملاردىن ئايرىلغان ئادەم روھىدىن ۋە يۈرىكىدىن ئازابلى-
نىپ، ئۇزۇنغىچە ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ ياكى ھەر جەھەتتىن تېزلا
ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

**پىسخىك مەسلىھەت**

1. نەرسىلىرىنى رەتلىك ۋە پاكىز ساقلاش لازىم.

2. خاتىرە قالدۇرۇش، رەتلەش ۋە ئىسىم قويۇشتەك ئەنئەنىنى ھەر بىر ئادەمگە سىڭدۈرۈش لازىم. چۈنكى بىزنىڭ بۇ جەھەتتە سەزگۈرلىكىمىز تۆۋەن، مەسئۇلىيەت چۈشەنچىمىز سۇس.

3. دەمال چىقارغىلى، نەشر قىلدۇرغىلى ماغدۇر بولمىسا ساقلاش، يىغىش، يېزىش ئىشلىرىنى توختاتمايدىغان زىيالىي يېتىشتۈرۈشتە، چوڭلارنىڭ ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بېكىتىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئوغرىغا ئۇچراش

بۇ، ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋى بۇيۇملارنىڭ ئوغرىلىنىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ھەر بىر ئادەم ياكى ئائىلە ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق بايلىق يىغىدۇ ياكى ياشايدۇ. شۇ جەرياندا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن تۆت تامنىڭ ئىچىگە ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يىغىدۇ. ئىش - ئوقەت ياكى خىزمەتكە كەتكەن، تۇغقان يوقلاشقا يىراققا ماڭغان چاغلاردا، ئۇنى پايلاپ تۇرغان ئوغرىلارنىڭ ھەممە نەرسىنى ياكى مۇھىم بىر قىسمىنى ئوغرىلاپ كېتىشى مال ئىگىسىنى قاتتىق غەزەپكە كەلتۈرىدۇ، بۇ يەردە ئىقتىسادىي زىيانىدىن سىرت، شۇ كىشىنىڭ شەخسىي ئىقتىدارىغا قىلىنغان كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ھاقارەت مەنىلىرىمۇ ئارىلاش بولغاچقا، كىچىك بالا ياكى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئادەم قاتارىدا مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندەك بولۇپ، بەك خاپا بولىدۇ. بەزى نەرسىلەر ئوغرىغا يارىماي چېقىۋېتىلگەن بىلەن شۇ كىشى ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك نەرسە بولۇشى مۇمكىن. بەزى يازما بۇيۇملار، رەسىملەر ۋە قىممەتلىك تارىخىي ئەسەرلەرنى ئوغرىغا ئالدۇرغانلار تېخىمۇ كۆپ ئازاب تارتىدۇ، ئوغرىنى قىياس قىلىدۇ - يۇ، ئۇنىڭغا دەلىل تاپالمايدۇ، ئەقلىنى تاپقانلىرى نەق مەيداننى بۇزماي، دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىدۇ.

**يامان تەرىپى**

ئوغرىلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدەنىيەت ۋە سۈپەتتە تۆۋەن ئا- دەملەر بولۇپ، ئۇلار ئۆي ياكى خىزمەت ئورنىدىكى پۇلغا يارىغۇ- دەك نەرسىلەرنى نىشان قىلغاچقا، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جە- ھەتتىن مال ئىگىسىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، ساتقۇدەك نەر- سە بولسا ئوغرىلاپ ماڭىدۇ. ئۇندىن باشقا ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلغاچقا، نەرسىلەرنىڭ چېقىلىشى ۋە بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى ئوغرىلار ئادەم بارلىقىنى بىلسە ياكى ئۆي ئىگىسى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشقا قەدەر رەزىل قىلمىشلارنى سادىر قىلىدۇ، ھەتتا قان ۋەقەسى پەيدا قىلىشى، ئوت قويۇۋېتىشى ياكى گۆرۈگە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن.

**پسىخىك مەسلىھەت**

1. ئەڭ باشتا بىلىشكە تېگىشلىك بىلىم شۇكى، ھەر كىم شۇ رايوننىڭ خەلقى كۆتۈرەلىگۈدەك ھالدا يۈرۈشى، بەك كۆرەڭ- لەپ كەتمەسلىكى لازىم. بەزى ئوغرىلار ئەسلىدە ئوغرى بولماس- تىن، بەلكى ھەسەتنىڭ كۈچىدىن ئوغرىلىق قىلىدۇ ۋە بۇزغۇن- چىلىق ئېلىپ بارىدۇ.

2. ئۆي ۋە ئىدارە بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىھە- لەرنى تولۇق ئورنىتىش، بىخەتەرلىككە ئادەم ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىن مەبلەغ سېلىش ( خاتىرجەملىكنى پۇلغا سېتىۋېلىش) لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# يۆلەنچۈكسىز قېلىش

بۇ، ياشانغانلار ۋە سەبىيلەرنىڭ قارىغۇچىسى بولماسلىق، ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولماسلىق، يىراق شەھەر ـ يېزىدا ئارقا تېرەكسىز قېپقېلىش، قىيىن كۈنلەردە ھال سورىغىلى ئادەم بولماسلىق... قاتارلىق بىر قاتار تەلەيسىزلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە ئاساسلىقى ياشانغاندىكى غېرىبلىق بايان قىلىندى.

## روھىي ھالىتى

ئادەمنىڭ تېنى ۋە روھى كۈچلۈك بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىجتىمائىي تەرەپتىن ھۆرمەت ـ ئېتىبارلىق بولۇشى 30 ~ 40 ياشلاردىكى ئالتۇن دەۋرنىڭ بەلگىلىرىدىن بولغان بولسا، 60 ~ 70 ياشلاردىكى تەن ئاجىزلىقى، روھىي تۆۋەنلىككە قوشۇلغان «كېرەكسىز ۋە كارغا كەلمەس» دەپ ئويلاشلارنىڭ زېدىلىشى، تەگسىز خىيال ۋە يىغا ئارىلاش تىتىلداشلارغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل ئوي ـ پىكىرلەر شۇ پېشقەدەمدە بولۇشمۇ، نائىنساپ نەۋرە ـ چەۋرىلەردە بولۇشمۇ مۇمكىن. ئۆزىنى ئىقتىسادىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئەۋلادلارغا يۆك ھېسابلايدىغان كىشىلەر بولسۇن، ئۆزى ۋە بالىلىرى بىلەنلا بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا قارىمايدىغان ئەقىل نامراتلىرى بولسۇن، ئالدىدىكىسى بولسا خىجالەت، نامراتلىق ۋە يېتىمسىراشنىڭ دەردىنى تارتسا، كەينىدىكىسى تەكەببۇرلۇق، ھارغىنلىق ۋە باشقۇرۇلۇشنىڭ تې-

نىتىشى بىلەن يەنە بىر يۆلەنچۈكسىز پېشقەدەم بولۇشقا ئۆزى
شارائىت تەييارلاۋاتقان بولىدۇ. ئومۇمەن ياش ـ قېرى يۆلەنچۈكـ
سىزلەر يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئادىمەتچىلىك،
تۇرالغۇ، ھۆرمەت جەھەتلەردىن قاتتىق قىينىلىش بىلەن بىرگە،
روھىي جەھەتتىنمۇ يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھېس قىلىدۇ. كىـ
چىك ۋاقىتلىرىنى، يۇرتىنى ئەسلەيدۇ، سېغىنىدۇ، تەڭتۇشلىـ
رىنى ئىزدەيدۇ، خىزمەتداشلىرى بىلەن مۇڭدىشىشقا ئىنتىلىـ
دۇ، جۆرە تېپىشقا تىرىشىدۇ، بىرەر ئىش قىلىپ قىممەت ياردـ
تىش ئارقىلىق سەت كۆرۈنۈپ قالماسلىققا تىرىشىدۇ، كۆيئوغۇل
ياكى كېلىنگە قېپقېلىشتىن قورقىدۇ.

## يامان تەرىپى

يۆلەنچۈكسىز قالغانلار ئالدى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكتە
قىينىلىپ ھەزىم ئەزالىرى بۇزۇلىدۇ، يۈرەك زەئىپلىشىدۇ، قان
تومۇرلارنىڭ قېتىشىشى تېزلىشىدۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتـ
سىز بولىدۇ، بەزىلىرى بۇ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ياشاشتىن
زېرىكىدۇ، بەزىلىرى جورە تېپىشقا پەرزەنتلىرىنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشەلمەي يا پەرزەنتلىرىنىڭ ئەتراپلىق كۈتۈشىگە ئېرىشەلـ
مەي، رېئال دوزاقنى كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. يېقىندا بولغان
ئەمەلىي مىسالدا: ئۆيىدە يالغۇز تۇرىدىغان بىر پېشقەدەم زىيالىي
ھاجەتخانىغا كىرىپ يىقىلغان پېتى 15 كۈنگىچە ھېچكىم بىلمەي
قالغان، ئەمما نەزىر ـ چىرىغىدا يىغلايدىغانغا پىلدەك ئوغۇللىرىـ
دىن ئالتىسى چىققان! دېمەك يۆلەنچۈكسىز قالغانلار ئۆزى ھايات
تۇرۇپ نەچچە يۈز قېتىملاپ ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، ياشانغانلارنى
ياخشى كۈتمەسلىك، ئۇلاردىكى بىلىم ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىـ

ـرىگە ئېلىپ قويماسلىق، ئۇلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلماسلىق، مىللەت ۋە ئەل ـ يۇرتقا قىلىنغان ناھايىتى چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

پىسخىك مەسلىھەت

ئالدى بىلەن ياشانغانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ھالەتلىرى-نى چۈشىنىش ۋە بىلمىگەنلەر سوراپ بىلىۋېلىش لازىم. ئۇندىن كېيىن ئۇلارنى ئەل ـ يۇرتنىڭ كاتتىسى دېگەن نۇقتىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش، ئىمكانقەدەر ئۇلاردىن ھەر خىل ۋەقە ۋە ئۇچۇر-لارنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىۋېلىش، تەجرىبە ۋە تېخنىكىلىرىنى ئۆ-گىنىۋېلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر كىم ھازىردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭمۇ پېشقەدەم بولۇپ، بۇ دۇنيادىن ھامىنى خوش-لىشىدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، كۆڭلىنى يۇمشاق تۇتۇشقا يۈز-لىنىشى كېرەك.

# يارىلىنىش

بۇ، ھەر خىل تۇرمۇش ھادىسىلىرى، جېدەل ـ ماجىرالار، قاتناش ئاۋارىيىلىرى، ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرى قاتارلىقلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان يارىلىنىش، زەخىملىنىش ئەھۋاللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تىرىك قالغانلىقىغا شۈكرى قىلىدۇ، ئاندىن ھادىسىنىڭ سەۋەبى ۋە جاۋابكارلىقىنى ئويلايدۇ. ئۇندىن باشقا كىشىلەرنىڭمۇ يارىدار بولغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، داۋالىنىش، كۇتۇنۇش جەھەتتىكى چىقىملارنى ئويلاپ غەمگە پاتىدۇ، ئىش قىلالماي كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىگە تىت ـ تىت بولىدۇ، بەزىلىرى مەجرۇھ بولۇپ قالغانلىقىغا تەن بەرمەي يىغلايدۇ، ھەتتا ياشاشتىن ۋاز كېچىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاتا ـ ئانا ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئەركىلەپ، ئۇلارنى چارچىتىۋېتىدۇ.

**يامان تەرىپى**

ئالدى بىلەن قىسمەن قان تومۇرلار ۋە نېرۋىلار ئۈزۈلگەنلىكى، مۇسكۇل ۋە سۆڭەكلىرى زەخىملەنگەنلىكى ئۇچۇن پۈتۈن بەدەندە نورمالسىز ھالەت شەكىللىنىدۇ، ساغلام بولمىغان تەندە ناچار ئوي ـ خىياللار پەيدا بولىدۇ. ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەنلەپ، ئائىلە ئەھۋالى يامانلىشىدۇ، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى تە-

سىرگە ئۇچرايدۇ، بەزىلىرى ساۋاقنى قوبۇل قىلماي، ئۆزى سەۋەبلىك يەنىمۇ كۆپ جىسمانىي ۋە روھىي يارىلارغا ئۇچراپ كېتىدۇ.

## پىسخىك مەسلىھەت

مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش — ئەمگەكچىلەرنىڭ ھادىسە پەيدا قىلىش ۋە ھادىسىگە ئۇچراش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىكى ھالقىلىق بىر ئامىل. ئۇندىن باشقا تاسادىپىي ياكى كىشىلەر ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان يارىلىنىش ئەھۋاللىرىغا تەن بېرىش، مەسىلىنى تەكرار يارىلاندۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى قانۇن ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

# تۆھمەتكە قېلىش

بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز قىلىنغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن ۋە ياكى ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان، شۇنداق كۆرۈنگەن ئەھۋاللاردىن شەكىللىنىپ چىقىرىلغان ھەر خىل نامۇۋاپىق يەكۈنلەرنىڭ رېئال نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

## روھىي ھالىتى

قاچان، قايسى جايدا قانداق ناتوغرا سۆز ياكى ئىش قىلغانلىقىنى ئويلايدۇ، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەنلىرىنى كۆپتەك ھېس قىلىدۇ. زادىلا مۇناسىۋىتى يوق بولسىمۇ، شۇنداق ئاتىلىپ قالغانلىقى ياكى بۇ سەۋەبلىك زىيان تارتقانلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ. ھەممىلا ئادەم ئۆزىگە يامان قاراۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ، يالغۇز يۈرىدىغان، جىمغۇر بولۇۋالىدىغان ۋە ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بوپقالىدۇ، ئەرز قىلىشنى ئويلىسىمۇ كىمگە دېيىشنى بىلەلمەيدۇ، ھەققانىي بولسىمۇ، پاكىت كۆرسىتەلمەيدىغانلىرىمۇ بار، بۇلار ئاچچىق يۇتۇپ ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان بوپكېتىدۇ. ئايرىملىرىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تېز چۆكۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

## يامان تەرىپى

ناھەق قارىلانغان، ھاقارەتكە ئۇچرىغان ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغان كىشىلەردە ئالدى بىلەن روھىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن زەربىگە ئۇچراپ، جەمئىيەت ۋە ئادەملەرگە سەلبىي تەرەپتىن قارايدىغان دۇنيا قاراش شەكىللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور ۋە يوشۇرۇن بولىدۇ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن چېكىنىش كۆرۈلىدۇ، تۆھمەت ئىشلىرى كۆپ بولسا، جەمئىيەت جىددىي ۋە بىنورمال ھالەتكە قاراپ غەيرىي تەرەققىي قىلىدۇ.

پسىخىك مەسلىھەت

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىزدە قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمى مۇكەممەللىشىش بىلەن بىرگە، جاۋابكارلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشتا ئادۋوكات، زاستاتىل، خاتىرىلىگۈچىلەر ۋە گۇۋاھچىلارغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى تېخىمۇ زىل تۈزۈپ يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئاددىي مەسىلىلەردىمۇ ناھەق ھالدا تۆھمەت ۋە قارىغا كېتىشتىن ساقلىنىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش خېلى مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولدى. ئۇندىن باشقا، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ يەنە بىر ئىنساننىڭ ئىززىتى ۋە مال ـ مۈلكىگە ھۆرمەت قىلىش جەھەتلەردە ئىلمىي تەشۋىق ـ تەربىيىنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان پسىخىك تەربىيىنىڭ رولىنى بالدۇرراق تونۇش ئاپتورنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى.

## بېسىلىش

بۇ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە چۈشىنىشكە ئېرىشەلمەسلىك، قوللاشنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىك، قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغدىيالماسلىق قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ئىنسان تۇيغۇسىغا كۆرسەتكەن ئەمەلىي تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ.

### روھىي ھالىتى

دېمەكچى، قىلماقچى بولغان ئىشنى يەنە بىر ئادەمنىڭ يۈزدە - يۈز چۈشىنىپ كېتىشى، قوللىشى ۋە ياردەمدە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەزىدە خېلى ئوبدان دېگەن ئادەملەرمۇ سىزگە توساق بوپقېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ قانۇنىيەتنى چۈشەنمىگەن، ئۇسۇلى توغرا بولمىغان ۋە ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپ قويۇۋالغان ئادەم ھەر دائىم ئۆزىنى بېسىلغان، توسالغان، زىيان تارتقان ھالدا ھېس قىلىدۇ. ھەقىقەتەن مەقسەتلىك ھالدا توساققا ئۇچرىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ھالەتتە تىتىلداش، ئۇقتۇرالماسلىق، تەخىرسىزلىك، روھىي ئازاب، پۇرسەتكە ئېرىشەلمەسلىك، تەقسىماتقا كىرەلمەسلىك ھالەتلىرى شۇ كىشىنى ناھايىتى بەك قىينايدۇ. قىلالىسىمۇ قىلدۇرماسلىق، ئالالىسىمۇ ئالدۇرماسلىق قاتارلىق رەزىل ۋاسىتىلەرگە ئۇچرىغان ئادەملەردە بۇ خىل روھىي تۇيغۇ ئىنتايىن ئېنىق بولىدۇ.

### يامان تەرىپى

ئالدى بىلەن بۇ كىشىنىڭ ۋاقتى زايە كېتىدۇ، زېھنى ئۇپ-

www.uyghurkitap.com

رايدۇ، پۈرسەتلەر ئازىيىدۇ ياكى يوق بولىدۇ، ئۆرلەش، مەنپە-ئەتلىنىش، ئوقۇش ۋە ئادىل مۇئامىلىگە ئۇچراشتەك ئىنسانىي هوقۇقى دەخلىگە ئۇچرىغان ئادەم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەپ-تىن تۆۋەنلەپ، تۆۋەن قاتلامغا چۈشۈپ قالىدۇ، روھىي جەھەت-تىن هۆرمەتكە ئېرىشەلمەي مەنىۋى دۇنياسى قاقشاللىشىدۇ، بەزى هاللاردا جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقى تەسىرگە ئۇچ-رايدۇ.

### پىسخىك مەسلىهەت

ئالدى بىلەن هەر بىر شەخس ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى، بىلىم سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باشقا بىرى تەرىپىدىن بېسىلىشقا باهانە قويماسلىقى لازىم. شۇ-نىڭ بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇن سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئادىل رىقابەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، نامۇۋاپىق مەمۇرىي بەلگىلىمى-لەرنى ئىسلاھ قىلىش، هەر بىر كىشىنى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى-نىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك هۆرمەت قىلىشتەك ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

# ئوت كېتىش

بۇ، ئۆزىنىڭ توك ئىشلىرى ۋە باشقا خىمىيىلىك، فىزىكىلىق ئوت ئامىللىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلمەسلىكى ھەمدە باشقىلارنىڭ مەقسەتلىك ئوت قويۇشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئوت كېتىپ، زىيانغا ئۇچراشنى كۆرسىتىدۇ، بەزىلىرى شەخسنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ، بەزىلىرى جىنايى مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ، زىياننىڭ قانچىلىك زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ شەخس ۋە دۆلەتكە كەلتۈرىدىغان ئاۋارىچىلىقىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ.

## روھىي ھالىتى

شەخسىي مۈلۈك، ئەسىر ئورىگىنالى، ئىشلەپچىقىرىش خام ماتېرىيالى، ھەرخىل ھۆججەتلەر، نەق پۇل، ئاسار ئەتىقە، دىپلو پاكىتلىرى ... نىڭ كۆيۈپ كېتىشى ياكى كۆيۈش نەتىجىسىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە روھىي زەربە پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ باشقا تارىخىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي، مەدەنىي ۋە سىياسىي زىيانلىرىمۇ ئەقلىمىزگە كېلىدۇ، نەتىجىدە ئوت ئۆچۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە زىيان مىقدارىنى ئېنىقلاش، مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈش باشلىنىدۇ. كۆپىنچە ئوت كېتىشلەرنىڭ جاۋابكارلىقى بىرلا تەرەپتە ياكى ئاددىيلا بىر سەۋەبتە بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا قىيداش، تەنقىدلەش ۋە تۆلەم داۋاسىنى قىلىش باشلىنىپ كېتىدۇ، زىيانلانغۇچىدىمۇ قىسمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيەت بايقالسا، ئىقتىسادىي ۋە روھىي زەربە ئېغىر بولىدۇ، كۆڭلى پاراكەندە، روھىي تۆۋەن، تېرىككەك بولۇپ قالىدۇ، ئۆزى ۋە باشقىلار توغرىلىق مىڭلىغان پۇشايمان ۋە قەسەملەرنى قىلىدۇ، ئەيىبلەش ۋە مەسئۇلىيەتنى ئارتىش داۋامىدىكى تۇرلۇك ئۆتكۈر سۆزلەردىن غەزەپكە كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئەمەل ۋە پۇلىدىن غەم يەيدۇ.

يامان تەرىپى

مېنىڭچە ئوت كېتىشنىڭ زادىلا ياخشى تەرىپى يوق، چۈنكى ئوت كېتىش بىلەن شۇ ئادەم ساۋاق ئالىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ئوتنىڭ ئۆزى تەپەككۇرسىز بالا مەنبەسى بولغاچقا، ئۇنىڭ دائىرىسى ۋە زىيان مىقدارىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ، ئومۇمەن بەزى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئىقتىساد مۇھىم بولسا، يەنە بەزىلەرگە كۆيگەن نەرسىنىڭ ئەھمىيىتىمۇ مۇھىم بولىدۇ، بەزى نەرسىلەر كۆيۈش بىلەن قىممىتىنى مەڭگۈلۈك يوقاتقان بولىدۇ. يەنە بەزى بۇيۇملارنىڭ كۆيۈپ كېتىشى بىلەن بىرەر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۇيان ـ بۇيان بولۇپ كېتىدۇ، مەملىكىتىمىزدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تېزلىشىشى جەريانىدا ھەرخىل مەشغۇلات خاتالىقى ۋە سەل قاراش تۈپەيلىدىن كۆيۈش مەنبەلىك ئىقتىسادىي زىيان يىلىغا نەچچە ئون مىلياردقا يېتىپ بارىدۇ، مەدەنىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كۆيۈشنىڭ بۇ ساھەدىكى زىيانلىرىنى باھالاشتا قىلىدىغان ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا، يەنە بىر ئويلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا شۇكى، كۆيۈشنىڭ ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سالامەتلىكى ھەمدە تەبىئەت ئېكولوگىيىسىگە كۆرسىتىدىغان ۋا-

قىتلىق ياكى مەڭگۈلۈك زىيىنى. شۇڭا ئوت كېتىش شەخس ۋە دۆلەتكە ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى سالىدۇ.

پىسخىك مەسلىھەت

1) خادىملارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ھادىسە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىش ھەمدە مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم.

2) قەستەن ئوت قويغۇچىلارنى ئېغىرلىتىپ جازالاش كېرەك.

3) كۆيۈشتىن شەكىللىنىدىغان شەكىلسىز ۋە مىقدارسىز ئىجتىمائىي زىياننى مۆلچەرلەشتە ئالاھىدە ئىنچىكىلەش ھەمدە يامان تەسىرنى زىيان ئىچىگە ئالماسلىقتەك ئاددىي خىزمەت ئۇسۇلىدىن ساقلىنىش لازىم.

4) ئالدى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش، ئادەمنى قۇتقۇزۇش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەكتەپتىن ھەيدىلىش

بۇ، مەكتەپ ۋە دۆلەتنىڭ ھەرخىل قانۇن - تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلماسلىق ۋە ئېغىر تۈردە ياخشى ئوقۇماي ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يامان تەسىر قىلغانلارغا بېرىلىدىغان بىر خىل جازا. بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرى، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يارىلاندۇرۇش، جىنسىي تاجاۋۇز ۋە پاراكەندىچىلىكلەر ھەمدە مەكتەپ ۋە ساۋاقداشلىرىغا ھاقارەت قىلىش قاتارلىقلار ئاساسىي سەۋەب ھېسابلىنىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

كۆپىنچىسى ئۆزىنى «ناھەقچىلىققە ئۇچرىغان» دەك ھېس قىلىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن ئۆزى ئەپۇ قىلىۋېتىشنى سورايدۇ. مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە مۇئەللىملەردىن ئاغرىنىدۇ. خىجىللىق ۋە نارازىلىق ئارىلاشقان روھىي ئازاب ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئويلاپ چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ باشقىلارغا كەلتۈرگەن جىسمانىي ياكى روھىي زىيىنىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەي، ئەكسىچە ئۆزىنى بەك زىيان تارتقان ھالەتتە چۈشىنىدۇ. بىر قىسمىلىرى بولسا، ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلىپ، بېرىلگەن جازاغا قايىل بولىدۇ ھەمدە تېز، ئاددىيلا ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەڭشەپ، ھايات يولىنى قايتا لايىھىلەيدۇ. يەنە بىر قىسمىلىرى تېزلا چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

**ياخشى تەرىپى**

دۆلەت ۋە مەكتەپنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمەي قىلىنغان گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەر سەۋەبلىك مەكتەپتىن ھەيدەل-گەندە، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىدىن ئىز-دەش مۇمكىن. ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن ئوقۇشتىن چېكىندۈ-رۈلگەنلەرمۇ بولغان ئەلۋەتتە. ئەمدى بولىدىغان ئىش بوپ بولغان-دا ئۇنى داۋاملىق ئويلاپ ۋە باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ ھاياتـ-نى ئۇپراتقىلى بولمايدۇ. مەيلى نېمە سەۋەبتىن بولغىنى بول-سۇن، مۇھىمى تەجرىبىنى يەكۈنلەپ، ئالدىغا قاراشتا، نۇرغۇن ياشلاردا كېيىنرەك قىلىسىمۇ بولىدىغان بىردەملىك كۆڭۈل خو-شىنى ئەڭ ئالدىغا تىزىۋېلىپ، ئويۇن ۋە مۇھەببەتتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت. ئەمدى مەكتەپتىن شەرەپسىز ئايرىلغانلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاۋۋال بىلىم ئۆگىنىش مۇشۇ ئىشقا نىسبەتەن ياخشى تەرىپى ھېسابلىنىدۇ.

**يامان تەرىپى**

روھىي چۈشكۈن، پۇشايمان ۋە ئۆچمەنلىك ئىشغال قىلغان ھەمدە كاللىسىغا تېخى ئىشلەتكىدەك بىلىم كىرمىگەن بىر ياش مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوقۇمىغان ئادەمدىنمۇ خەتەرلىك ھالدىكى شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەھەر، ئويۇن ۋە ھۇزۇر-نىڭ تەمىنى بىلىپ قالغان، ئەمما نوخۇلىسىنى ئېلىپ قويىدىغان ئادەم چىققان بۇ ھالەتتىكى كىشى دەرھال ئۆزىنىڭ ئەپتىگە كې-لەلمەي، يا نوچىلىق قىلالماي، ياۋاش ۋە ھالال ياشاشقا تەن بېرەلمەي قىينالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بالا بىر مەزگىل ئائىلىسى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ۋە روھىي يۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈشكۈن-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىشىپ جىنايەت يولىغا ماڭىدىغانلارمۇ بار. بۇ كىشىلەرنى چۇ-
شەنمەسلىك ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش دەل مەسىلىنىڭ ئەڭ يامان
تەرىپى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھالدا يامان ئادەم ئۇ بالا بولماي، بەلكى
جەمئىيەت بولىدۇ.

پسىخىك مەسلىھەت

1) مەكتەپتىن ھەيدەلگەن، چېكىندۈرۈلگەن بالىلارنى پۇ-
تۇنلەي ئەسكى دەپ ھېسابلىماسلىق ۋە قايتا ـ قايتا جازالىماسلىق
لازىم. چۈنكى ئۇ بىر قېتىم جازالىنىپ بولغان؛ 2) قولىدىن
كەلسە ئۇنى ئەيىبلىمەي، ئۆزىنىڭ قويىنىغا، كارخانىسىغا، ئېتى-
زىغا، باغ ـ چارۋىسىغا، ھېچ بولمىسا كۆڭۈل قېتىغا ئېلىپ،
ئۇنىڭ قايتىدىن يامان ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
كېرەك. بۇنىمۇ قىلالماي داۋاملىق تىللىغان ئادەم بۇ قېتىم
ئەسكىنىڭ ئەسكىسى ھېسابلىنىشى كېرەك؛ 3) مەكتەپتىن ھەي-
دەلگەن بالا ئۆيدە 5 ـ 10 كۈن تۇرۇپ، ئاندىن 1 ـ 2
ئاي قوشنا ناھىيە ۋە شەھەرلەرنى ئايلىنىپ ۋەزىيەتنى كۆزىتى-
شى، روھىي ئازابىنى يەڭگىللىتىشى، ئاندىن نېمە قىلىش كې-
رەكلىكى ھەققىدە بىر قارارغا كېلىش لازىم. بۇنىڭ مۇھىملىقى-
نى چوڭلار ئويلاپ يېتەلىشى كېرەك؛ 4) قايغۇرسىمۇ، يىغلى-
سىمۇ كۈن ئۆتىدۇ، ئەمگەك بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ ئادەمدەك
ياشىسىمۇ كۈن ئۆتىدۇ. بىراق كېيىنكىسى ئەھمىيەتلىكتۇر.

# ئوپېراتسىيىگە چۆچۈپ قېلىش

بۇ، ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەردە ھەممە ئەزالار خىزمەت
ئىقتىدارى ئاجىزلاشقاندا زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن ئېلىنىۋېتىش، پا-
كىزلەش، ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇلاش مەقسىتىدە بەدەنگە نىسبەتەن
ئېلىپ بېرىلىدىغان پۈتۈنلۈكىنى ئېچىش مەشغۇلاتى ھېسابلىنى-
دۇ.

**روھىي ھالىتى**

ھاياتىدىن ئەنسىرەيدۇ، ۋەسىيەت قالدۇرماقچى بولىدۇ، يې-
غا تۇتۇپ تارتىشىدۇ، تەجرىبىسىز دوختۇر بولمىغىيدى دەپ غەم
تارتىدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىنماي ساقىيىش يوللىرىنى ئىزدەيدۇ،
قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، تا-
سادىپىيلىق يۈز بەرسە، مىراس داۋاسى چىقىشىنى پەرەز قىلى-
دۇ. كىچىك بالىلىرىنىڭ تەقدىرىگە باش قاتۇرىدۇ؛ بىرەرسى
كېلىپ كېسەللىك توغرىسىدا قورقۇتۇشىدىن ۋەھىم يەيدۇ، جىق
پۇل كېتىپ، قەرزگە بوغۇلدۇم، دەپ روھىدىن ئوپېراتسىيىگە
چۆچۈپ بولىدۇ.

**ياخشى تەرىپى**

بەزى ئەزالاردىكى چىرىگەن توقۇلمىلار پاكىزلىنىدۇ، يال-
لۇغ ئوچاقلىرى تازىلىنىدۇ. ئوكۇل ۋە دورىلار كار قىلمايۋاتقان
ئۆسمە يىلتىزى كېسىپ تاشلىنىدۇ. قان ئايلىنىشى بۇزۇلغان
جايلار قىرىپ ئېلىۋېتىلىدۇ. ئەزا ياكى توقۇلمىلار ئالماشتۇرۇ-

www.uyghurkitap.com

لىدۇ، تولۇقلىنىدۇ ۋە ياكى كېسىپ تاشلىنىدۇ. بەزىلىرى ئۆلىدۇ ۋەھاكازالار.

### يامان تەرىپى

كاللا قاتۇرماي ۋە باشقا چارىلارنىڭمۇ بارلىقىغا ئىشەنمەي، ئوپېراتسىيىنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىشنىڭ ئۆزى يامان تەرەپ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يامانلىق ھېسابلىنىدۇ، ئايرىم ناھىيىلەردە قوشۇمچە ئەزا ياللۇغى بولغانلارنىڭ بالىياتقۇسىنى ئېلىۋەتكەنلىكىنى ئۆزەم كۆرگەنمەن. دېمەك مەسىلە بىر قەدەر ئېغىر، ئۇندىن باشقا راستىنلا ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان بىمار بولسىمۇ، مەست قىلىش ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى ئۇزۇن مۇددەت كىرگۈزۈش سەۋەبىدىن قىسمەن ياكى پۈتۈن بەدەنلىك مىكرو قان ئايلىنىش بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن باشقا كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: پۇت - قول سۆڭەكلىرى شالاڭلىشىپ دەز كېتىش، دىئابېت قاتارلىقلار. بەدەننىڭ زەئىپلىشىشى، پەرھىزنىڭ خاتا بۇيرۇلۇشى، ئوپېراتسىيىدىكى قىسمەن خاتا مەشغۇلات ۋە يامان ئاقىۋەت قاتارلىقلارمۇ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا ئېقىپ يۈرگەن ھەرخىل ئەمەلىي ھېكايىلەردىكى كۆرۈنۈشلەردىن ئىبارەت. ئۇندىن باشقا، ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

### پىسخىك مەسلىھەت

1) دوختۇرلۇق كەسپىنى قايتىدىن توغرا چۈشىنىش، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئېچىپ بېقىشلىرى لازىم؛ 2) ئوپېراتسىيە قىلىشقا مايىل تېببىي خادىملار جۇڭيى ۋە ئۇيغۇر تېبابىتىگە مۇراجىئەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك؛ 3) ئوپېراتسىـ

يىگە دائىر كۆتۈش، داۋالاش ۋە ئوپېراتسىيە مەشغۇلاتى قاتارلىق-
لاردا بىمارنى بىر تىرىك بىئولوگىيىلىك جانلىق ھېسابلاپ،
ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە روھىي پەرھىزلىرىنى توغرا بېكىتىش لازىم؛
4) ئوپېراتسىيىنىڭ قىسمەن يامان تەسىرىنى ئېتىراپ قىلىش،
ئۇزۇن داۋالىنىش ۋە ئوپېراتسىيىگە چۈشۈپ قېلىشنىڭ بەدەنگە
كۆرسىتىدىغان زىيانلىق تەرىپىنى بىمارغا چۈشەندۈرۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# خىزمەت تاپالماسلىق

بۇ، ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك سەۋەب بىلەن خىزمەت تاپالماسلىققا نىسبەتەن چىقىرىلغان تېما.

روھىي ھالىتى

ئۆزىنىڭ خىزمەت تاپالماسلىقنى باشقىلاردىن كۆرىدۇ. كۆزىگە خىزمەت تاپقانلار كۆپ كۆرۈنىدۇ، خىزمەتكە چىققانلارنى راھەت كۆرۈۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ، دىپلومىنى قايتا ـ قايتا سىيلاپ باقىدۇ، مەكتەپتىكى نەتىجىلىرىنى ئويلايدۇ. لېكىن ئۆزىدىكى كەمچىلىك ياكى كەم يەرلەرنى ئويلاشقا مادارى يەتمەيدۇ. بۇ تەرىپىنى كۆرسەتكەن ئادەمنى ئۆچ كۆرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولۇۋالىدۇ. خىزمەت قىلغاچ ئۆگىنىۋالسام بولمامدۇ دەپ ئويلايدۇ. تونۇش ئىزدەپ، پۇل خەجلەپ خىزمەتكە ئېرىشىشكە قاتتىق ئىنتىلىدۇ ھەمدە بۇ يول ئۈچۈن 4 ـ 5 يىللىق مائاش مىقداردا پۇلنى خەجلەپ بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئاكىلىرىنى شۇنداق يولغا پۇل خەجلىمىدى دەپ ئاغرىنىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ھەسەت قىلىدۇ، خىزمەت تاپالمىغانسېرى چوڭغا ئېرىشەلمەي، كىچىكنى ياراتماي ۋاقىتلىق ئىشلەشكە ياكى شەخسىي شىركەتلەردە ئىشلەشكە ئۇنىماي، بەزگە ئوخشاش بولۇۋالىدۇ. ئىشلىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ يەرلەردىكى ئادەملەرگە ئۆزىچە تۆۋەن باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ، نەتىجىدە ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىشلەپ قېلىڭ دې-

سىمۇ، كۆڭلىدە نەپرەتلىنىدىغان خوجايىن ياكى تۇغقانلىرىنى كۆپەيتىۋالىدۇ. ئىش بەرمىدى ياكى بىزنى بەربىر ئىشقا ئالمى-غىدەك دەپ، مەسلىنى باشقا تەرەپلەرگە باغلاپ چۈشىنىشكە ئارانلا تۇرىدۇ، ئۆزىدىن مەن نەچچە تىلنى راۋان سۆزلەپ يازالاي-مەن، قانچىلىك تېخنىكىنى دەرھال ئىشلىتەلەيمەن دەپ قەتئىي سورىمايدۇ ھەم سورىيالمايدۇ، قىسقىسى خىزمەت تاپالمىغانلار-نىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ھايات كۆز قارىشىدا مەسىلە بولغان، دەرھال بىر ئىشنى ئۆڭلاپ قىلالمىغان، تىلنى پۇختا بىلمىگەن، پىسخىك جەھەتتىن توسالغۇغا گىرىپتار بولغان، ھەتتا ئەسلىدىلا سۈپىتى ياخشى بولمىغان بولىدۇ.

**ياخشى تەرىپى**

خىزمەت تاپالماسلىق ئەسلىدە ئېھتىياج، بازار ۋە ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، دۆلەت ۋە رايوننى توغرا تونىمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇ مەسىلىگە قىزىقىدىغان، دائىم قاخشايدىغــان كىشىلــەر ئەشۇ باللارنىڭ ئىقتىدارى ۋە روھىي ساپاسىغا بىر نەچچىلىگەن سوئال-لارنى قويالايدىغان بولۇشى لازىم. بۇ باسقۇچقا بېرىشىمۇ ياخشى تەرەپنى كۆرەلىگەنلىك بولىدۇ. ئەمدى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بىرىنچىدىن ئۇ سەۋەبنى تېخىمۇ كەڭ تەرەپلەردىن، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە روھىي ساپاسىدىن ئىزدەيدىغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن قانداق قىلغاندا ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىق ئەھۋالى-نى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا تىرىشىدىغان، بۇ توغرىدا ئادىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئالدى بىلەن نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ھەرىكەت قىلى-

دىغان بولۇپ يېتىشىدۇ ھەمدە تەكەببۇرلۇق، ئۆزىنى تونىماس-لىق، باشقىلارنىڭ ھىممىتىنى كۆتۈش قاتارلىق خاتا ئويلاردىن ۋاز كېچىپ، نېمە ئىش بولسا ئاۋۋال قىلىپ تۇرۇش خىيالىغا كېلىدۇ. يەنە دىپلوملۇق ئىش كۆتىدىغانلار كۆپەيسە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ئىجابىي تەسىر ۋە بېسىملارنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

**يامان تەرىپى**

بىر قاتار روھىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەڭپۇڭسىز-لىقلار كېلىپ چىقىپ، مەمۇرىي ۋە سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ ئىشىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۇزۇن مۇددەت-لىك تەھلىكىگە ئۇچرايدۇ، ئاتا - ئانىلار ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭدىن كېچىكلەرنىڭ ئو-قۇشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ ياكى توختىتىلىدۇ. جەمئىيەتتە بالا ئوقۇتماسلىقتەك قېيداش ۋە ئۆزىنى جازالاش كەيپىياتى قايتا بازار تاپىدۇ، مىللەت ئېغىر دەرىجىدە ساپاسىزلىق ۋە قاششاقلىق گىر-دابىغا بېرىپ قالىدۇ.

**پىسخىك مەسلىھەت**

ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن، ھەممە جەھەتتىن كۈچلۈك ۋە ئىق-تىدارلىق قىلىش!

## چۈشىنىشكە ئېرىشەلمەسلىك

بۇ، ھەر خىل ئالاھىدە شارائىت ياكى ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئەتراپتىكىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

كىشىلەرنى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى ئويلاۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە ئۆزىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ. يېڭى ئىش ۋە يېڭىچە تەپەككۇرنى قوبۇل قىلمىدى، دەپ ئاغرىنىدۇ. توغرا ئىش ۋە يىراق مەنزىللىك ئىشنى قىلىپ ئائىلىسىدە ۋە يۇرتداشلىرى ئارىسىدا قوللاشقا ئېرىشەلمەسلىككە ئۇچرايدۇ. كۆپچىلىك قىلغاننى قىلىش ۋە ئاما بولۇپ ياشاشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن چەتكە قېقىلىپ يالغۇزلۇق ھېس قىلىدۇ. ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ يولىنى تاپالماي قالىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا يا ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى خاتا بولىدۇ، يا خەلقنىڭ كېتىپ بارغان يولى خاتا بولغان بولىدۇ، بىرى ئېچىنغان، بىرى مەست ھالەتتە بولىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا روھىي كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن ياكى تەدبىرىنىڭ خاتالىقى، كىشىلەرنىڭ نەتىقىدىنى قوبۇل قىلماسلىق قاتارلىقلاردىنمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا قايتا ھېسداشلىق قىلمايدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھالدا پۈتۈن جەمئىيەت چۈشىنىش ۋە ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن پېتى مەھكۇملۇق تەرىپىگە كېتىپ قالىدۇ. بەزى ئادەملەر ۋە

جەمئىيەتلەر ياردەم قىلماقچى بولغانلارغىمۇ ئەخمەقلەرچە ئۆچلۈك قىلىپ ھېسداشلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىش ئىزاھلىق قىلىقتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ.
يامان تەرىپى

ئادەم ئاش ـ تاماقتىن باشقا روھىي ياردەمگە تايىنىپ ياشايدۇ. بەزى ئۇلۇغ ئادەملەر باركى، ئۇلارنى كۆپ ساندىكى ئاما دەسلەپ بىلمەي ۋە قوللىماي تېخى ئۇنى ئازابلاپ قويىدۇ، ئىلىم، تېخنىكا ۋە تەپەككۇرغا باي ئادەملەر گۇمان ۋە ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانسا، بولغۇسى ئىشلاردىن بېشارەت بەرگەن كىشىلەرنى ئېغىزى سوغۇق دەپ ئەدەپ بېرىدۇ. سۇزۇك ئادەملەرنى يەنىلا مۇشۇ ئاما چۈشەنمەي، چېقىپ يوقىتىۋېتىدۇ. يەنە بەزىلەر مازاق ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچراپ، ئىجادىيەت تەپەككۇرى غۇۋالىشىپ ئۆزى يوقايدۇ. ئادەم بۇزۇلۇش، ئائىلە بۇزۇلۇش ۋە مىللەت خارابلىشىشنىڭ ئۆزى بىلىشنى ۋە بىلگەنلەرنى چۈشىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىق بىلەن باشلىنىدۇ.
پىسخىك مەسلىھەت

1) ئاما ۋە جەمئىيەتنىڭ مىزاج ـ خۇلقىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ خاھىشىنى بويلىغان ئاساستا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. 2) ئىنسانىيەتكە پايدىلىق قاراش ۋە ئىجادىيەت بولسا قورقماي، داۋاملىق تەتقىق قىلىش كېرەك. 3) ئائىلە ۋە جەمئىيەت دائىرىسىدە يەنە بىر ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسىنىمۇ ئويلىشىپ، ئۇسۇلدا كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. 4) ئۇلۇغ ئادەملەر ھەم كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى ھەم نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش پائالىيەتلەردە بولۇپ، خەلقنىڭ چۈشەنمەسلىكىنى ئاشۇرۇۋەت-

مەسلىك لازىم. 5) چۈشەنمىگەنلەرگە تېرىكمەي، ئۇلارغا سەۋر-
چانلىق بىلەن چوڭ مەنپەئەتلەر توغرىسىدا هارماستىن خىزمەت
ئىشلەش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گازدىن زەھەرلىنىش

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تەبىئىي گاز، پاتقاق گازى، كۆمۈر ئىسى، ئوتۇن ئىسى ۋە باشقا ھەر خىل خىمىيىلىك گاز ۋە بۇسلاردىن زەھەرلىنىشنى كۆزدە تۇتىمىز.

**روھىي ھالىتى**

كۆپ قىسمى زەھەرلىنىۋاتقان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، پۇت - قولىدا ماغدۇر بولمىغانلىقتىن، تەدبىر قىلالماي تىت - تىت بولۇپ يىغلاپ كېتىدۇ، قۇۋۋەتلىك ۋە قۇدرەتلىك ھالىتى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ قاتتىق جىددىيلىشىدۇ. ئۇيقۇچىلىقتا زەھەرلەنگەنلەرنىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ، چىقالماس بىر ھاڭدا قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئاستا - ئاستا سېزىمى تۆۋەنلەيدۇ، سۆزلىگۈسى كەلسىمۇ ئىپادە قىلالمايدۇ.

**يامان تەرىپى**

يۈرەك ۋە مېڭىسى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملىنىدۇ، ھەزىم ئەزالىرى زەئىپلىشىدۇ، بەزى ئەزالار ئۆمۈرلۈك كاردىن چىقىدۇ. نېمىدىن زەھەرلەنگەن بولسا، شۇنىڭدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ ۋە روھىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ كېتىدۇ. تەپەككۇرى ۋە يېزىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، كاللىسى ئوچۇق بولمايدۇ.

**پسىخىك مەسلىھەت**

دەرھال ئوكسىگېن پۈرىتىش، ئەبرىشىم شەربىتى ئىچكۈ-

زۇش، كۆلقەنتنى ئۇزۇن مۇددەت يېگۈزۈش لازىم. ئەقلىي ئەمـ
گەك ۋە جىددىي ئىش ھالقىلىرىدىكى خادىملار ۋە شوپۇرلار زە-
ھەرلەنگەن بولسا، بىر مەزگىل ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ ئوبدان
كۈتۈنۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ھەسسەتكە ئۇچراش

بۇ، ھەسەت قىلىنىش سەۋەبىدىن كۆڭلى ئاغرىش، زىيان تارتىش، پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىش، ھەتتا يوقىتىلىشقا قەدەر بولغان ئورۇنسىز قۇربان بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ھەسسەتكە ئۇچراشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بىراق ھەسەت قىلغۇچىغا بولغان نەپرىتىنى باسالماي قالىدۇ. لېكىن نېمە ئۈچۈن ھەسسەتكە ئۇچرىغانلىقىنى تولۇق ئاڭقىرالمايدۇ، سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەيدۇ. بايلىق، مال ـ مۈلۈك ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۇسۇلغا ۋە كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا دىققەت قىلمىغانلىقىنى ئويلىماي، بەلكى «دۈشمەن» تەرەپنى ئادەم ئەمەسلىكتە ئەيىبلەپ تۇرىدۇ. پۇرسەت كەتكەنلىرىدە بولسا ئۆچ ئېلىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ، بىر ئادەمگىلا ئەمەس، پۈتۈن بىر خەلق ياكى جەمئىيەتكە زىيان كەلتۈرگەن ئىشلاردا بولسا ھەسەتخورلۇقنىڭ قانچىلىك زىيىنى بارلىقىنى شۇنىڭغا ئۇچرىغان ئادەم ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن بولىدۇ. ھەسەتخورلۇق قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ ـ يۇ، يەنە ئۆزلىرى غەيۋەت ۋە ھەسەتتىن يىراق كېتەلمەيدۇ. بۇ ھەممىمىزنىڭ تىپىك ئاجىزلىقىمىزدىن بولۇپ قالماقتا.

**يامان تەرىپى**

ھەسەت قىلىنغۇچى ھەر جەھەتتىن خاپىلىققا ئۇچرىتىلىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ھەسەت قىلغۇچىمۇ نۇرغۇن ۋاقتى، زېھنى

ۋە قىممەتلىك ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزىنىڭ قارىشى،
ئاجىز مىللىي تونۇشى، تۆۋەن سىياسىي ئېڭى بىر گەۋدىلەشكەن
ئادەملەر ۋە رايونلاردا ھەسەتخورلۇق ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ ياكى
ھەسەت دەھشەتلىك تۈستە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق يەرلەردە بىر
ئادەمنىڭ كىچىككىنە ماددىي نەپسى ۋە روھىي ئېھتىياجىنى قاندـ
ـۇرۇش توغرا كەلسە، ئاتا ـ ئانىسى ۋە مىللىتىنى سېتىۋېتىشـ
ـتىن يانماي، تېخى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان ئىشلار ھەر بىر
ئادەمنىڭ ئادىتىگە، خۇلق ـ مىجەزىگە ئايلىنىشقا يۈزلىنىدۇ.
مىسالى بىر جۈپ پايپاق ياكى ئىمام ـ خاتىپلىق ۋە ياكى كەنت
باشلىقى بولۇش... قاتارلىقلار. ھەسەتنىڭ ئوتى كۈچلۈك بولغان
ئادەم ياكى رايونلار ئەمەلىيەتتە دوزاقنىڭ ھازىرقى زامانىدىكى
نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوبدان قارايدىغان بولسىڭىز، كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن تەسىس قىلىنـ
ـغان ئىدارە ۋە ئۇنىڭغا سەپلەنگەن خادىملارنىڭ قورسىقىنىڭ توقـ
ـلۇقىدىن قىلىۋاتقان ھەسەتخورلۇقلىرى ۋە بىر ـ بىرىنى ۋەيران
قىلىشلىرى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەسلىدىلا بىر ئەسكىلىك ئىچىدـ
ـدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ يارىتىپ بېـ
ـرىۋاتقان شارائىتىنىڭ قەدرىنى قىلماي، ۋاقتى ۋە پۈتۈن زېھنىنى
ئىچكى خورىتىشقا سەرپ قىلىۋاتقان زىيالىيلارنى مىسال قىلغىـ
ـنىمىزدا، بىزنىڭ قانچىلىك ئەسكى ئىكەنلىكىمىزنى يولباشچىلار
سۈپىتىدىكى بۇ ئادەملەرنىڭ ھالىتىدىن كۆرۈۋالساق بولىدۇ.
ئومۇمەن ھەسەتنى ئۆزئارا چېقىش، يوقىتىش ۋە توساق، قىلتاق
قۇرۇش بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر ئەسلىدە بىلمەيدىغان
دوختۇرغا تۇتۇلۇپ قالغان بەختسىز بىمار ياكى ئۇقمايدىغان ئوپېـ
ـراتسىيە خادىمىغا ئۇچراپ مېيىپ بولغان بىچارە دەردمەنگە ئوخـ

شايدۇ. چۈنكى داۋا قىلغۇچىسىنىڭ نىيىتى يامان، تېخنىكىسى ناچار بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان ئادەمنىڭمۇ تەلىيى قاچقان، يۇلتۇزى تۆۋەنلىگەن ھالەتكە بېرىپ قالغان بولىدۇ.

پسىخىك مەسلىھەت

ھەسەتنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بىر ئادەمدىكى نەرسىلەرنىڭ يەنە بىر ئادەمدە پەيدا قىلغان تەڭپۇڭسىز روھىي ئىنكاسىدىن ئىبارەت، ھەسەت بولسىلا زىيانكەشلىك قىلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇمۇ بىر خىل كۈچ، گەپ بۇ كۈچنى قەيەرگە ئىشلىتىشتە. ئىلغارلىقتا، مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەملەر ۋە مىللەتلەر بۇ كۈچنى ئۆزىدىكى يامان ئىللەت ۋە ئىدىيەلەرنى يوقىتىشتا، ئۆزىنى ياخشىلاشقا ئىنىرگىيە مەنبەسى قىلىدۇ، قالاق، ئەخلاقسىز ئادەملەر ۋە مىللەتلەر شەكلىدە دىيانەت بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيىتىدە بىر ـ بىرىنى يوقىتىپ كارغا كەلمەس ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئاش ـ تاماق ئورنىدا داۋاملىق ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي زىيىنىنى تونۇش، ھەسەتنى ئازايتىش ۋە چوڭ مەنپەئەتلەرنى ئويلاش ئۈچۈن يۇقىرىقى جۈملىلەرنى قايتا ـ قايتا ھەزىم قىلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن. ئۇندىن باشقا ھەسەتكە ئۇچراش سەۋەبىدىن بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەم يوقكەن، دەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويماي ياكى ئۆزۈمنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ۋاپا كەلمەيدىكەن دەپ ئەقلىنى بۇلغىماي، كۆپرەك زېھنىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلار ۋە سۈپەتلىك پىلانلار ئۈستىگە سەرپ قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# قەدىرلەشكە ئېرىشەلمەسلىك

بۇ، ئۆزى ياكى شارائىت، پۇرسەت ۋە ياكى زامان شارائىت-
لىرى سەۋەبىدىن بولۇشقا تېگىشلىك مۇئامىلىگە ئېرىشەلمەي،
ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

**روھىي ھالىتى**

ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ «ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، قابىلىيەت-
لىك» ۋە «كېرەكلىك» ئادەم بولۇشىغا قارىماي ئەتىۋارلانمىغان-
لىقى، ئەدەب يېگەنلىكى ياكى بايقالمىغانلىقىنى ئويلايدۇ، ئۆزىگە
يەتمەيدىغان «ئادەتتىكىلا» ئادەملەرنىڭ ياخشى كۈن كۆرۈۋاتقانلى-
قىنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمايدۇ. بولۇپمۇ ئەمەلىيەتتە ئىقتىدارى
ۋە قابىلىيىتى بار، ئەمما زامان ۋە ماكان تەلەپلىرىدە شەكلىگە
ئەھمىيەت بېرىلىش سەۋەبىدىن تاللانماي قالغان كىشىلەردە بۇ
خىل قېيداش ئېغىر بولىدۇ، بەزىلىرى بۇ خىل نورمالسىز
ئۆلچەملەر سەۋەبىدىن چۈشكۈنلىشىپ كەتسە، بەزىلەر بۇ ئىشلار-
نى پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىگە ئايلاندۇ-
رۇپ، زېھنىنى يۇقىرىقى ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ئۆزىگە ئادىل
مۇئامىلە قىلمىغانلارنى ھاڭ ـ تاڭ ۋە ئىزا، خىجالەتكە قالدۇر-
دۇ، بەختسىز ۋە كاللىسى تازا ئىشلىمەيدىغانلار بولسا مەلۇم بىر
كىملەرگە ھەسەت قىلىش، قەست قىلىش ۋە توزاق قۇرۇش
بىلەن دەۋاگەردىن جاۋابكارغا ئايلىنىپ، تېخىمۇ قەدىرسىز ئادەم-
گە ئايلىنىپ قالىدۇ، بۇ يەردە ناچار ھالەتنى روھىي ھالەت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈزەيمەن، دېيىشتىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك كېلىشمەسلىك-لەر تولۇپ ياتىدۇ.

### ياخشى تەرپى

قەدىرلەشكە ئېرىشەلمەسلىكنىڭ ھەممىسىدىلا قەدرىنى قىلا-غۇچى تەرەپنىڭ «كورلىقى» سەۋەبچى بولىۋەرمەيدۇ. ئىقتىدار-لىق ئادەملەردىكى تۈرلۈك پسىخىك مەسىلىلەرمۇ مۇشۇ ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، ئىقتىدار بىلەن ساپا بىر گەپ ئەمەس، بەزى ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ قىسمەن قىلىقلىرى ھېچكىمگە ياقمىغان ھەم ياقمايدۇ، بۇنى مۇشۇ تەرەپتىنمۇ ئىزدە-گەندە بۇ قەدىرسىزلىك بىر خىل زىيانلىق تەپەككۇرغا زېھىن ھازىرلاپ بېرىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلىنغان ئادەملەر ھەممىلا كەسپتە كۆپ بولغاچقا، كۆز ئالدىدىكى بىر نەچچە مەسئۇل خادىم بىلەن قېرىشىش ياخشى نەتىجە كەلتۈرمەيدىغان-لىقىنى پەملەشمۇ ئوخشاشلا پايدىلىق بىر تەجرىبە ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن ھۆرمەت ۋە قەدىرلەشكە ئېرىشەلمەسلىكنىڭ ھەر خىل ئامىللىرىنى ئويلىنىپ كۆرۈشمۇ پايدىلىق تەرەپنىڭ بىر خىل كۆرۈنۈشى بولۇپ تۇيۇلسا، بۇ ئادەمدە تېزدىن ئىلگىرىلەش ھا-سىل بولۇشى مۇمكىن.

### پسىخىك مەسىلىھەت

مۇكەممەل ئادەم ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ئىشنى تاپماق ناھايىتى قىيىن، ھاياتتا كۆرۈلىدىغان كېلىشمەسلىكلەر، ھۆرمەتسىزلىك ۋە قەدىرسىزلىنىش ھادىسىلىرى ھەركىمنىڭ بېشىدىن ئۆتۈشى مۇمكىن، ئەمما مەلۇم ئادەملەر، كەسپلەر ياكى جايلاردا خۇۋ-لۇق كۆرمىگەن ئادەم باشقا بىر ئادەملەر، ساھەلەر ياكى رايونلاردا

قەدرىنى تېپىشمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۆمۈرنى خۇشال، ئەھمىيەت-لىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەملەردىن قېيدىماي، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى، كەسىپنى ياكى ھايات يولىنى تاللاش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ۋەيران بولۇش

بۇ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى تەرەپلەردە چىقىش يولى قالمىغان، قايتا كۆتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتى يوقتەك كۆرۈلگەن غايەت زور روھىي ۋە ئىقتىسادىي يىقىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

## روھىي ھالىتى

كېچە ـ كۈندۈز «ھەمراھ» بولۇۋاتقان قەرز، تۆھمەت ۋە تۇسالغۇلار ھەمدە كېلىشمەسلىكلەردىن شەكىللەنگەن ناچار روھىي ھالەت ئىنساننى تۇغۇلۇش ۋە ياشاشتىن پۇشايمان يەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئادەملەردىن قېچىش، قوشنىلىرىدىن بىزار بولۇش، تۇغقانلىرىغا ئۆچلۈك قىلىش ئارىلىشىپ كەتكەن چىگىش خىياللارنىڭ بۇ ئىگىسىدە بىرەر ئۈمىد، ئىشەنچ ياكى ئادەمگە ئىشىنىش تۇيغۇسى قالمايدۇ، ھەمىشە غەشلىك، غەم ـ قايغۇ ئىچىدە تۇرمۇشنى مەنىسىز، تەمسىز ۋە روھسىز ئۆتكۈزىدۇ، بىر قىسىملىرى ئۆلۈۋېلىشنى ئويلايدۇ.

## يامان تەرىپى

ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي يۈكنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى چەكلىك بولىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق ئىقتىسادىي ۋەزىپە، روھىي ئازاب ۋە ئارىلىشىپ كەتكەن سان ـ سېپىرلار ئادەمنىڭ يۈرەك، مېڭە ۋە قان تومۇرلىرىدا جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ ئىنتا-

يىن رەزىل، پاسكىنا ۋە سېسىق پىكىرلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب-
چى بولىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئويلى-
مايدىغان ۋاستىسى قالمايدۇ. ئەڭ يامىنى مۇشۇ ئادەمنىڭ قى-
يىنچىلىق ۋە موهتاجلىق تۈپەيلىدىن قىلىپ سالىدىغان ھەر خىل
يامان ئىشلىرىنىڭ مىللەت ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان سائەت-
لىك، يىللىق، ھەتتا ئەسىرلىك زىيانلىرىدا. ئۇندىن باشقا مۇشۇ
ئادەمگە قاراشلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ يامان تەرەپكە
يۈزلىنىدىغانلىقىنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز.

## پىسخىك مەسلىھەت

«ئاش قەدرىنى بىلمىسەڭ، ئاچلىق بەرسۇن جاجاڭنى» دەي-
دۇ. يەنە كونىلار «بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مىڭ
مىسقال تەمكىنلىك كېرەك» دەيدۇ ئەجدادلار.

«ئادىتىم ئامىتىمنى قاچۇردى» دەيدۇ ئاقىللار. دېمەك سو-
دىدا پاكىز بولۇش، پۇختا ۋە تەمكىن بولۇش، ھەر ئىشتا قىلالاي-
دىغان ۋە يىغىشتۇرالايدىغاننى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىش ئىنتا-
يىن مۇھىم. يامان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش بولسا بارلىق
كارخانىچى، سودىگەر ۋە ئىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ۋەيران بو-
لۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەبىئىي ئاپەت، سىيا-
سىي داۋالغۇش ۋە چوڭ ئىقتىسادىي كرىزىسنى ھېساب قىلمىغان-
دا، ۋەيران بولۇشنىڭ كۆپ قىسمى شەخسنىڭ ساپاسى، تەدبىرى
ۋە قىلىقىدىن شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭغا سەل قارىماسلىق لازىم.

# قوشۇمچە. ھاياتتا ھادىسىلەر

يۇقىرىدا بىر ئادەم ياكى ئائىلىدە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان تۈرلۈك بەختسىزلىكلەر قىسقا بايان قىلىپ ئۆتۈلدى. ئۇلاردىن بىر قىسىملىرى ھەر بىر كىشىنىڭ قىسمىتى بولىشى، بەزىلىرىدىن ساقلىنىش تامامەن مۇمكىن. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش، ھۆرمەتلىنىش، ئەتىۋارلىنىش، ئىشلىتىش دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولسا، بۇ كىشىنىڭ روھىي سالامەتلىكى، كىرىمى ۋە ئورنى ياخشى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تۈرلۈك جىسمانىي، روھىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراش ئېھتىمالى ئازراق بولىدۇ. بۇنى تۈرلەندۈرۈپ ئېيتقاندا، ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەم ياكى ئادەملەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن خاپىلىققا دۇچار قىلىنىش ئېھتىماللىقى نىسبەتەن تۆۋەن بولىدۇ. بۇ خۇلاسىنى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە سىياسىي ئىقتىساد ئىلىملىرىگە باغلاپ ئالەمچە كېڭەيتىپ چۈشەنسەكمۇ كەملىك قىلمايدۇ. بۇ تەرىپى ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرۇلدى.

ھەر خىل بەختسىزلىك، تاسادىپىيلىق ۋە دۈشمەنلىكلەردىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. ھەسەت قىلىنمىغان، دىققەت چۈشمىگەن ھاياتنى ئەھمىيەتلىك دېگىلى بولمايدۇ. دېمەككى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولمىغان ئادەمگە ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ،

لېكىن ھەمىشە كۆرەش، ھەپىلىشىش ۋە جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتۈپ، ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەسلىك، ئۆزىنىڭ شەخسىي ھاياتى ئۈچۈنلا تىركىشىش ۋە ئەھمىيەتلىك تىرىشچانلىق ئورنىغا ئۆزئارا خورىتىش ئېلىپ بېرىش — بارلىق چوڭ - چوڭ بەختسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبكارلىرىنى تۈركۈملەپ تەكلىپ قىلغۇچى يامان خۇلقتۇر. بۇنداق ئەسىرلەردىن ئۇدۇم قالغان تەكرار كېسەللىنىش يۈز بېرىشىدە ئاساسلىقى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئەزانىڭ روھ، ساپا، مەقسەت ۋە ئۇسۇل قاتارلىقلاردا ئىزچىل بۇزۇلۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىر ھەممىلا ئادەم قاقشاۋاتقان، ئاغرىنىۋاتقان ھەممە بۇ توغرىدا باشقا ئەللەردىن كۆرۈۋاتقان ناچار ئىش، خاپىلىق ۋە بۇزۇق تەپەككۇرنىڭ 90% ىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز قىلىۋاتقان گەپ. ئەخلاقسىز، مەدەنىيەتسىز ھالدا يۈرگەنلىكىمىزدىن كېلىپ چىقىۋاتقان تۈرلۈك كېلىشمەسلىكلەرنى ئەمەلىيەتتە ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن ئىزدەش مۇمكىن. جەمئىيەتتە بازار تېپىۋاتقان شائىر، ئوبزورچى، سەنئەتچى، تەنھەرىكەتچى، ئاشپەز، دوختۇر ياكى قارىيلارغا قاراپلا قالتىس مەدەنىيەتلىك ئىكەنمىز، دەپ مەست ھالغا كەلگەن ۋاقتىمىز دەل مەدەنىيەتنىڭ زادى نېمىلىكى ھەققىدە گاڭگىرىغان ۋە ئۇنى خاتا چۈشىنىۋاتقان ۋاقتىمىز ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابىمىزدىكى كېلىشمەسلىكلەر ئىچىگە كىرگۈزۈشتىن يالتايغان، ئەمما ئەڭ چوڭ بەختسىز دەپ سانالغان ھالنىڭ ئۆزى دەل ئىچكىرى ئۆلكە ۋە غەرب ئەللىرى خەلقلىرىدىن ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئۇقماي يۈرگەن تەپەككۇر

ئەسكىلىكىدىن ئىبارەت!

ئەمدى بۇ كىتابتا يېزىشنى ئويلىغان، ئەمما تۇرلۇك سەۋەب-لەرنى كۆزدە تۇتۇپ، قىسقىلا يېزىپ ئۆتكەن كېلىشمەسلىكلەر-نىڭ يۈز بېرىشى، بىر تەرەپ قىلىنىشى ۋە كەلگۈسىدە نېمىگە دىققەت بولۇنۇشى قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ ئىچىگە قارايدىغان بول-ساق، بۇلارنىڭ ھەر بىر ھالقىسىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئاتالغۇ، ئامىل ياكى ساپا مەسىلىلىرى تولۇپ تاشقان ئىكەن، ئۇلار گەرچە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقمىسىمۇ، شۇ كېلىشمەسلىك ئۇچۇن پەردە ئارقىسىدىكى خوجايىنلىق رولىنى ئۆتەيدىكەن. شۇڭا بۇ تېمىلار-نىمۇ قىسقىراق بېرىپ ئۆتۈشمۇ بىز بايا ئېيتقان خاپىلىقلارغا ئاز ئۇچراپ، كۆپرەك زېھنىمىزنى سۈپەتلىك پاراڭ ۋە خەيرلىك ئالامەتلەر ئۇچۇن سەرپ قىلىشىمىزغا ياردىمى بولۇپ قالىدۇ. ياخشى، كەڭ ۋە تەسىرلىك يېزىش تامامەن مۇمكىن، بىراق بىرىنچىدىن سەھىپە ۋە باشقا سەۋەبلەرنى ئويلاپ، ئىككىنچىدىن، باشقا كىتابلىرىمغا ئوخشاشلا زىيالىيلاردىن ۋە قارىيلارنىڭ قارى-سىغا تۆھمەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ مۇشۇنچىلىك يازدىم. پىرىنى-سىپقا كۆتۈرۈپ تەكرار خورىتىشلارنى باشلىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

# قىستۇرما I

## مۇھەببەتلىشىش

بۇ، ئاڭلىق جانلىقلاردا جىسمانىي ئۆزگىرىش بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدىغان روھىي تۇيغۇ بولۇپ، ئاڭسىز جانلىقلار بولسا بەدەنلىك ياكى ماددىلىق بىرىكىشنى جۇپلىشىش دەپ چۈشىنىمىز. يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشچە، بىز ئاڭسىز ھايۋان دەپ تەرىپلەيدىغان نۇرغۇن ئۆي ھايۋانلىرى ۋە قۇشلىرىدىمۇ خۇشاللىق، لەززەت ياكى رەنجىش، قېيداش قاتارلىق روھىي ھالەتلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ئىسپاتلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئومۇمەن دوستلۇق ۋە مۇھەببەتتىن ھۇزۇرلىنىش نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ ياشاش نىشانى ۋە ئەھمىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىدە مۇھەببەتلىشىشنى بەدەندە سەۋدا ماددىسىنىڭ كۆپەيگەنلىكى ۋە ھېسسىي تۇيغۇنىڭ بىر تېمىغا مەركەزلەشكەنلىكى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ھازىرقى تېببىي ئىلىمدە تېنىدە مۇھەببەتلىشىدىغان ۋاقىتلار ئاموننىي كىسلاتاسىنىڭ نورمال ھالەتتىكىدىن 40% ئازىيىپ كېتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇمۇ بىر ھېسابتا قان ۋە بەلغەم خىلىتىنىڭ ئازىيىپ، سەۋدا ۋە سەپرا خىلىتىنىڭ كۆپىيىپ، تەپەككۇرنىڭ ئىتتىكلەشكەنلىكى ۋە مۇشۇنىڭغا دائىر ئىشلارنىلا بىجىرىشكە ماھىر بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ياندىن ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان جەمئىيىتىمىزدە نېمە ئۈچۈن جىنسىيەت كۈيلەنگەن، ئويۇن ـ تاماشىغا دەۋەت قىلىنغان ۋە مۇڭ بازارلاشقان بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى ئاساسىي كەيپىيات بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، دېگەن قاراشتىمەن. گەرچە مۇھەببەت بىر نورمال جانلىقتا چوقۇم بولۇشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەتلىشىشكە بارلىق ئېنېرگىيىنى سەرپ قىلىش، ئۈشبۇ كىتابدىمىزنىڭ يۆنىلىشى تەلىپىدىن ئېيتقاندا، كىچىك مەنپەئەت، كىچىك خۇشاللىق ئەكەلسىمۇ، بىراق ئومۇمىي مەنپەئەت ۋە ئومۇمىي خۇشاللىقنى ئازايتىپ تاشلايدۇ. شۇڭا تەن ماغدۇرغا، روھ جەڭگىۋارلىققا تولغان 25 ~ 15 ياشلىق باللاردا مۇئەللىمىسىز ئىشلارنى ئالدىغا تىزىۋالماي، كۆپرەك زېھنىنى ئىلىم ئۆگىنىشكە سەرپ قىلسا، كېيىنچە تېخىمۇ كۆپ مۇھەببەت ۋە لەززەتكە ئېرىشەلەيدۇ. مېنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىم، ئۆزگە ۋە ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇپ مۇھەببەت ۋە راھەتنىڭ سىمۋولى بولغان جەننەتنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئادەملىك خۇسۇسىيىتىنى بەكرەك تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

# توي قىلىش

تويىنىڭ ئۆزى روھىي ۋە جىسمانىي بىرلىشىشنىڭ يېڭى
پەللىسى (لېكىن ئاخىرقى پەللىسىمۇ ئەمەس) ، ئۇ يەنە بىر خىل
مەسئۇلىيەت بېتىمى، ئەخلاق ئەھدىنامىسى ۋە جەمئىيەت خىتاب-
نامىسى، بىراق ئۇنىڭ بۇنچىلىك كەڭ مەنىسى بارلىقى ھەر ئەلدا
ھەر خىل چۈشىنىلىدۇ. ئۇچۇر، ئالاقە تەرەققىي قىلماي، سىيا-
سىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىلىملىرى تەربىيىسى توختاپ قال-
غان جايلاردا توي قىلىش بولسا مۇرادىغا يېتىش دەپ تەرىپلىنىدۇ
ۋە بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ نىشان دەپ قارىلىدۇ. قالغان ئۆمۈر-
لۈك ئىشلارمۇ مۇشۇ تەپەككۇر رىشاتكىسى تەرىپىدىن قورشاپ
تاشلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەرلەردە توي ئۇزۇن ۋە ھەشەمەتلىك قىلى-
نىدۇ (پۇل مىقدارى شۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم ھالىتىگە
ئېيتىلىدۇ، بىز دېمەكچى بولغىنىمىز، توي ۋاقتى ۋە ھەشەمەت-
نىڭ ئومۇمىي ئىشلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنىڭ بەك يۇقى-
رىلىقى) ، مۇراسىملار مۇرەككەپ بولىدۇ، تويغا دائىر يېڭى
خۇراپاتلارنى ئىجاد قىلىشتا ماھىر بولۇشنىڭ ئۆزىلا، ئادەمنىڭ
ئەڭ مۇھىم ئىشى دەپ قارالغان ھەر قانداق بىر مەسىلىدە چوقۇم
ئەقىل تاپالايدىغانلىقىنى ياندىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەزى كېلىش-
مەسلىك ۋە بەختسىزلىكلەر جۈملىدىن ئاجرىشىش، قەرزگە بو-
غۇلۇش، تۇغما كەمتۈكلۈك، زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىش، نامرات-
لىق... دېگەندەكلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىمۇ تويىنىڭ توغرا تەپەك-

كۆر بىلەن ئېلىپ بېرىلماي، پەقەت سودا تەرىقىسىدە ۋە بىر نەچچە كۈنلۈك ئابرۇي ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىدىن كېلىپ چىق-مايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ھېچ بولمىسا كېلىپ چىقىشىغا بىر ئامال بولالايدۇ. ھازىرقى تويدىكى قىلىقلىرىمىزغا قارىغاندا بىز تېخى مەدەنىيەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ئەمەسكەنمىز. شۇڭا بىز چوقۇم كۈنىمىزنى توي كۈنىدەك ئۆتكۈزۈشنى ئويلىساق، ئېنېرگىيىنى ئۆزىمىز ۋە پەرزەنتىمىزنى كۈچلۈكلەردىن قىلىشقا سەرپ قىلىش-قا پىلان تۈزسەك، مېنىڭچە ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە روھىي ۋە جىسمانىي بىرلىشىش سەۋىيىسىگە يېتەلەيمىز ھەمدە تويىنىڭ ئەھ-مىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەخسىي تويىمىزنى يىغىنچاق ۋە مەدەنىي ئۆتكۈزەيلى.

# پەرزەنتلىك بولۇش

ھاياتنىڭ مېۋىسى ۋە چېچەكى پەرزەنتتۇر. ئۇ بىزنىڭ ماد-
دىي ئاجرالمىمىز بولۇش بىلەن بىرگە، روھىي ۋارىسىمىز بول-
دۇ، مۇمكىن بولسا بىزنىڭ رىقابەتچىمىز ۋە رەھبىرىمىز بول-
سۇن، ئانىلار تۇغۇش ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ساغلاملىقىغا ئېرىد-
شىدۇ، تېنى ئىسلاھ بولىدۇ، ماددىلار يۇرۇشۇپ، زەھەرلەر
تازىلىنىدۇ. ئاتىلار بالا ئارقىلىق ئىپتىخارلىققا تولىدۇ، ئىشەن-
چى ئاشىدۇ، مەسئۇلىيەتچان ۋە ۋىجدانلىق بولىدۇ. يېڭى پەللە
ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىدۇ. پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ خاسىيىتى بۇلا
ئەمەس، پەرزەنتى بولغان ئائىلە خۇشاللىق، ئىناقلىق ۋە مۇقىم-
لىققا ئېرىشىدۇ، ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ، بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئورنىنى
چۈشىنىدۇ، دادا، موملارنىڭ قەدرى مەلۇم بولىدۇ، ئىنسانچە-
لىقنىڭ ھەقىقىي ئىسسىق ـ سوغۇقى پەرزەنتلىكتىن باشلىنى-
دۇ، خۇشاللىق بىلەن ئەندىشە بىر ھارۋىغا چىقىدۇ، بالىغا قاراپ
ھايات يولى بىر ئويلىسا ئۇزۇن، بىر ئويلىسا ناھايىتى قىسقا
تۇيۇلىدۇ. بالىنى ئەل ـ يۇرتقا پايدىلىق ئادەم قىلىشقا ھەر
كىمنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ جېنىنى بېغىشقا سەۋەبكار
بولۇش — ئاتا ـ ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئەمما سۈپەتلىك ئاتا
ـ ئانا بولاي دېگەن ئادەم بىلىمسىزلىك ۋە كېرەكسىزلىكنىڭ،
تۈرلۈك بەختسىزلىكلەرنىڭ ئانا سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى
كېچىكمەي بىلىشلىرى ھەمدە بالىسىنى يۇرتدىشىم، خەلقىم دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەن نۇقتىدا تۇرۇپ تەربىيىلەپ، كىيىنلىكنى بالىلىرىنىڭ بالى-
لىرىغا قەدەر كېڭەيتىپ چۈشىنىش لازىم. ھازىرقى چۈشەنچى-
مىزدىكى كىيىنلىك دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى
تەقسىماتى خالاس. ئۇ پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ غېمى بوپقالىدۇ.
بولۇپمۇ ماددىي ئاتا - ئانا بولۇش بىلەن مەنىۋى ئۇدۇم ئىگىسى
بولۇش تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى زاماندا، بالا تېپىپ قويۇپ نان
بىلەنلا بېقىشنى باقتىم دەيدىغان ئاتىلارنى ئائىلىمىزدىكى دىجور-
نىلىقتىن قالدۇرۇۋېتىش لازىم. تۇغۇلۇپ قالسا خۇدايىم باقىدۇ،
دەپ تەربىيىلىمەيدىغانلارنى خۇدانىڭ جازالىشى ئەتىدىكىلا گەپ.

# ئوقۇش

ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشنىڭ پايدىسى توغرىسىدا «ياشلار سەمەر-
گە» ناملىق كىتابىمدا تەپسىلىي توختالدىم. ئۆزۈم ئوقۇشنىڭ
پايدىسىنى كۆپ كۆرگەنمەن ھەمدە ئوقۇغان ئادەمنىڭ ياش، ساغ-
لام ۋە ھۆرمەتلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنمەن. شۇڭا مۇشۇ
يۇرتتا تۇغۇلغانلىكى بوۋاقلارنى، ئۆسمۈرلەرنى تاكى ئوتتۇرا،
ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغىچە ئوقۇتۇشنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلد-
مەن. ئوقۇغان ئادەمنىڭ ھۇجەيرىلىرى ياشىرىدۇ، بەدەن قۇرۇ-
لۇشى كالاڭپاي ھالەتتىن چىرايلىق بولۇشقا ئۆزگىرىدۇ، ئۆلگەن
كەبى مېڭە نېرۋىلىرى ئويغىنىشقا باشلايدۇ، ۋاقىت قارىشى ياخ-
شىلىنىدۇ، رىقابەت كۈچى ئاشىدۇ، ھەققىنى تونۇش ئىقتىدارى
يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. كىملىك چۈشەنچىسى يوقلۇقتىن بارلىققا
كېلىدۇ، ئىقتىدار ھاسىل بولىدۇ، ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ، ئىن-
سان ئىزدەپ كېلىدۇ، ئوقۇيالايدۇ، يازالايدۇ، دېيەلەيدۇ، قىلا-
لايدۇ، تۇرالايدۇ، ئالالايدۇ، ئېتەلەيدۇ، يېتەلەيدۇ. ئومۇمەن
ئوقۇپ بىر نەرسە بىلگەن ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە پايدىسى
تېگىدۇ، بىلگەن ئادەمنى بىر كىم ئىشلىتىدۇ، ھېچ بولمىسا
بىلگەن ئادەمدىن ھېيىقىپ ئۇنىڭغا ئالدىراپ تېگەلمەيدۇ. ئوقۇ-
مىغان، ساۋاتسىز قالغان ياكى بىر نەرسە بىلمىگەن ئادەم بولسا
جىسمانىي جەھەتتىن، روھىي جەھەتتىن سىقىلىدۇ، خارلىنىدۇ،
كۆزگە ئىلىنمايدۇ، ئادەم قاتارىدا كۆرۈلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھەققى
ئەسكە ئېلىنمايدۇ، خاپىلىق مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. بۇ بىر
ئەمەلىي گەپلەر.

www.uyghurkitap.com

# خىزمەت قىلىش

خىزمەتنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئاساسلىقى ئىككى خىل: بىرى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەش، يەنە بىرى، پۈتۈن جەمئىيەتتە بار كەسپلەرنىڭ ھەر قانداق بىر خىلى بىلەن شۇغۇللىنىش. ھازىرقى دەۋردىكى كەسىپ تۈرلىرى 3000 خىلغا يېتىپ باردى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېقىنقى 50 يىلدىن بېرى پەيدا بولغان. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاساسلىقى ئەقلىي كۈچ بىلەن قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بۇندىن كېيىن ھايات تەرزى مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشىشى ۋە خىزمەتتىن خۇشاللىق تېپىشى ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ياشاش مۇددىئالىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. خىزمەت بولسا غايەت زور سىمپاتىك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، تار دائىرىدىكى خىزمەتنى دۆلەت، جەمئىيەت ۋە شەخسلەر يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆلچەم ۋە توساقلارنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە لايىق ئادەملەرنى ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى خىزمەت بولسا ئادەم ئۆزىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىنى سۆيۈش، ئۈمىدۋار بولۇشتىن تارتىپ، بارلىق ئادەملەر، ھايۋانلار ۋە تەبىئەتكە پايدىلىق ئىش ھېسابلانغانلىكى خىزمەتلەرنى قىلىشقا قەدەر بولغان «مىدىرلاش» نىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ شتاتلىق ئىدارە خادىمى ياكى

پالانى يەرنىڭ خىزمەتچىسى دېگەندىن باشقىلارنى خىزمەت قىلماي۔
ۋاتقان ھېسابلاش دۇنيا ئۆلچىمى بويىچە بولغاندا تەخمىنەن ئال۔
دىنقى ئەسىرنىڭ 30 ۔ يىللىرىدىكى دۇنيا قاراش ھېسابلىنىدۇ.
بىز پەقەت مۇشۇ بىر تۇرلۇك قاراش جەھەتتە دۇنيادىن 80 يىل
ئارقىدا ئىكەنمىز. ئەمدى ئەسلى كىتاب روھىغا قايتىپ كەل۔
سەك، گەرچە خىزمەتكە چىقىش، خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىش
ناھايىتى كەڭ سىياسىي ئىقتىساد قورالى ئارقىلىق ئورۇندىلىد۔
غان ۋە باشقۇرغۇچىنىڭ مەنپەئەتى ئاساس قىلىنىدىغان مۇرەككەپ
جەريان بولسىمۇ، ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئامىللارنى
كۆزەتكىنىمىزدە مەيلى قايسىلا دۆلەتتە بولسۇن، بىلمىگەن ئادەم۔
دىن بىلگەن ئادەم، ئاز بىلگەندىن كۆپ بىلگەن ھەمدە ھازىرلا
بىر ئىشلارنى قىلالايدىغان ئادەم ئالدىن ئويلىشىلىدۇ. ھەر خىل
كىلىشمەسلىكلەر ئىچىدە نامراتلىق، كېسەللىك، ئوقۇيالماس۔
لىق، سېتىلىش، زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىش، ئاجرىشىش...
دېگەندەكلەردە خىزمەت مەسىلىسى مۇھىم ئامىل بولالايدۇ. شۇڭا
ئەڭ ئاۋۋال ھەركىم ئۆزىنى تەكشۇرۇشى، ئۆزى تەرەپتىكى كەم۔
لىكنى تولدۇرۇشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باي بولۇش

ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۆزىدىكى بىلىم، ئۇسۇلىنىڭ توغرىلىقى ۋە ئامىمىۋى مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بىرلەشكەندە، ئۇ-مىد قىلغىنىمىز چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ باي بو-لۇش. باي ئادەمنىڭ كەچۈرمىشىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئاز ساندىكى ئەھۋال ۋە ئامىللار (تۆۋەن قەرز بىلەن تەمىنلەش، سىياسەت خاراكتېرىدە يۆلەش، خەلق ئىشچىلىرىنى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش) نى ھېساب قىلمىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاچلىق، قىيىنچىلىق، نامراتلىق، موھتاجلىق، ھەتتا مەھكۇم-لۇق دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نۆۋەتتە ھەدەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان بايلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئەسلىدىكى يەر ۋە پۇل ئىگىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى، خام مال ۋە يېرىم تەييار مەھسۇلات، ئاشخانا خوجايىنلىرى… بولۇپ، ئىلمىي سودا بىلەن باي بولغانلار ناھايىتى ئاز. بۇ مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنى چۈشەندۈرىدۇ. بىرى، «داڭدار» لار ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە بولۇپ، خەلققە يارىشا «جەمئىيەت كاتتىلى-رى» بولغان بولىدۇ، خەلقتىن بەكلا ئېشىپ كەتكەن ۋە ئالاھىدە پىكىر قىلىدىغان ئالىملار بۇ خەلق ئىچىدە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ئازادە ياشىغان ئەمەس. ئىككىنچىسى، بايلارنىڭ تولىسى «مۇ-شۇ قېتىم سودا قىلىۋېلىپ، ئاندىن ياخشى ئىش قىلسام» دەپ يۈرۈپ، ياخشى سۆز، ياخشى ئىش ۋە تەنگە پايدىلىق خىزمەتلەرنى

قىلالماي، ئاخىرىدا پۇللىرىنى ئاشنىلىرى، خوتۇننىڭ دوستلىرى ۋە دوختۇرلار خەجلەپ تۈگىتىدۇ.

ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي خۇشاللىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ماھىيىتى كۈندە بىرەر كىلوگرام يېمەك - ئىچمەك ۋە جۈرىسى بولۇشتىن ئىبارەت. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي - بىسات ۋە دوست - يارەنلىرى ئۇنىڭدىن 100 ھەسسە كۆپ بولسا، ئۇ كىشىگە بەختنىڭ 100 ھەسسە كۆپ كېلىشى ناتايىن. باي بولۇش ياخشى ئىش، بىراق كۆپ ئادەمنى نامرات قىلىش ياكى كۆپ ئادەم نامرات ھالەتتە باي بولۇش ناھايىتى خەتەرلىك. ئادەم قانچە باي بولسىمۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئادەم. ئۇنى تۇرلۇك ئېھتىماللىقلار ساقلاپ تۇرۇشى مۇمكىن. كۈندە ساقلاپ تۇرۇلىدىغان قەستكە ئۇچراش، ئاجرىشىش، ئوت كېتىش، قەرزگە بوغۇلۇش، كېسەللىك، ئاۋارىيىگە يولۇقۇش... قاتارلىقلار بايلارنىڭ قۇلىقىغا جاراڭلىق سىگنال بولۇپ تۇيۇلۇشى ۋە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەھۋال ئۇلارنى چۆچۈتۈشى لازىم. بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلىگە ياردەم قىلماقتا يوق، بەلكى كىچىككىنە ئىقتىسادىي پۇرسەتنى دەپ ئۇلۇغ زاتلارنى يوقىتىشقا ياردەملىشىدىغان ئىقتىسادىي بايلار ئۆزىگە ئوخشاش ئۆتكەن كەسىپداشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. شۇڭا دەيمىزكى، باي بولۇڭلار، پەرزەنتىڭلار ئىلىمگە باي بولسۇن، تونىمايدىغان قېرىنداشلاردىن ئاز دېگەندە 100 نەپىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇڭلار، 10 نەپىرىنى چەت ئەلگە ئەۋەتىڭلار، ئىلىم - پەن ۋە ئىلمىي سودا ئارقىلىق پۇل تېپىڭلار، پۇرسەت كۈتمەي سۆزلىگەن كۇنۇڭلاردىلا ياخشى ئىش قىلىڭلار. بۇ 10 مىليون پۇلى

بارلارنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمى، ئاخىرىدا دەيمەن، ھەرقانداق باي يالىڭاچ بەدىنى كېپەنگە ئورالغان پېتى ھېچنېمىنى ئالالماي ئۇ دۇنياغا كېتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئويناش

ئادەمنىڭ مۇھىم ئېھتىياجلىرىنىڭ بىرى — ئويناش. رايو-
نىمىز كىشىلىرى بۇ مەسىلىگە مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن قا-
رايدۇ؛ كۆرۈنۈشتە يامان تەرەپتىن باھا بېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە
ئۆزى قىزىقىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا ئويۇن ـ تاماشا ۋە كەڭ قور-
ساقلىقنىڭ بۇ يەر كىشىلىرىدىكى ئاساسلىق بەلگىلەر ئىكەنلىكى
روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، كەڭ زېمىندا چوڭ ـ چوڭ ھويلا
ـ ئاراملىق ياشىغان ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى ئەنە شۇنداق بولى-
دۇ. يەنە كېلىپ ئىنساپ، باراۋەرلىك ۋە ئادىللىقمۇ بۇ خىل
جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىلىرىدىن ھېسابلىنى-
دۇ. ئەمدى ئويناشنىڭ دەل ئۆزىگە كەلسەك، بۇ يۇرتنىڭ كىشى-
لىرىدە قۇرۇق ئىسسىق ۋە قۇرۇق سوغۇقلۇقنىڭ غالىب بولۇشى
ئۇلاردا مىجەزى ئىتتىك بولۇش، خۇشاللىق ۋە راھەت كۆرۈشكە
ئالدىراش ۋە تېزلا ئۇنۇم كۆرۈش روھىي ھالىتىنى شەكىللەندۈر-
گەن. شۇڭا ئۇلارغا قىيىن مەسىلىلەر، تېخنىكىلىق سوئاللار
ھەتتا خاپىلىق ۋە ئاپەت كەلسىمۇ، ئۇنى ناھايىتى تېزلا يۇمۇر
ۋە مۇزىكىغا يۇزلەندۇرۇۋېتىش پسىخىكىسى ناھايىتى كۆرۈنەر-
لىك. ئەمما جاھان تەرەققىياتى تېزلەشكەن، نوپۇس شىددەت
بىلەن كۆپەيگەن ۋە ئىلغار ۋاستىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش
ئومۇملاشقان بىر جەمئىيەتتە بىر ئادەم ۋە بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت-
لۇقى ياكى تەرەققىياتى شۇ كىشىلەردىن ئەمدى ئەستايىدىللىق،

سوغۇقانلىق ۋە تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، كونكرېتراق ئېيتقاندا، دۆلەت ۋە رايوننىڭ مىجەزىگە بېقىپ ئىش تۇتۇش، تەبىئىي پەنلەرگە چېك يېپىشىش، ئويۇننى ئاز ئويناپ ياكى ئويۇننى كېيىنرەك ئويناپ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە قانداق قىلغاندا يوقىلىپ كەتمەي تېخىمۇ كۈچەيگىلى بولىدۇ، دېگەنگە بەكرەك باش قاتۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن «ئامما» نى ئازايتىپ، مۇنەۋۋەرلەرنى كۆپەيتىش، كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئاممىدا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش، پەرزەنتلەرگە ئەمدى «كې-لىنىڭ يارىم ئويناپلى» دېگەن ناخشىلارنى ئۆگەتمەسلىك ھەمدە ئانا تىل - يېزىقنى تېخىمۇ سۆيۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئىككى خىل تىل - يېزىقنى بىلەلەيدىغان ئادەملەرنى يېتىلدۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. بولمىسا كىتابىمىزدا بايان قىلىنغان ئىشسىزلىق، نام-راتلىق، ئاغرىق - سىلاق، ھاقارەتلىنىش، يۆلەنچۈكسىز قېلىش ... قاتارلىقلار دائىم ئويۇن - تاماشا بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇتىدىغان ياكى نېمىنىڭ ھەقىقىي ئويناش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەرگە بەكرەك كېلىدۇ.

# ئارام ئېلىش

ئىش ئارىلىقىدا، يىل ئوتتۇرىسىدا ياكى مەلۇم بىر تۈرلۈك ئىش بىلەن يەنە بىر خىل ئىش ئارىسىدا ۋاقىتلىق ئارام ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىنىمۇ ئارامغا چىقتى دەيمىز. ئادەمنىڭ ھۈجەيرە ۋە ئەزالىرى مىنۇت، سېكۇنتلاپ ئەسلىدىكى ھالىتىدە تۇرۇپ بولالمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە جىسمانىي جاپالارنىڭ يىغىلىشى بىلەن ئەزالاردا چېكىنىش يۈز بېرىدۇ. ئەمما بۇنى كېچىكتۈرۈش ۋە بەدەننى تەڭشەش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئارام ئېلىش لازىم. ئارام ئېلىش يالغۇز ئادەمنىڭ بىر سەزگۈسى ئۈچۈنلا بولماستىن، بەلكى ئەزا ۋە ھۈجەيرىلەرگە ئۆزىنى تەڭشەشكە شارائىت ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. مانا بۇ چارچىغاندا ئارام ئېلىپ، يەڭگىل بولۇپ قېلىشىمىزنىڭ سىرى، سەۋەبى. ئەمما ھارماي ياكى قىلىدىغان ئىشنى تاپالماي ئارام ئالغانلار بارغانسېرى ھېرىپ كېتىدۇ، ئىچى تارلىشىپ، تىتىلداپ، ئۆزىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كېتىدۇ. پېنسىيىگە چىقىپ ئۆي بىلەن ھويلىنىڭ ئارىلىقىدا يۈرگەن پېشقەدەملەردە بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى گەۋدىلىك. شۇڭا، مەلۇم جىددىيلىك ۋە ھەرىكەت ھالىتىنى ساقلاش ئارامنىڭ سۈپىتىنى ھاسىل قىلىشتىكى ئالدىنقى شەرت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خۇشاللىق

خۇشاللىقنىڭ مۇقىم شەكلى يوق، بىراق خۇشال يۈرۈش ياكى كۆپرەك ۋاقتى خۇشاللىق بىلەن ئۆتۈش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى. بەختلىك، باي ۋە مەرتىۋىلىك بولۇش ھەممىمىزنىڭ نىشانى. ئەمما بىر تەرەپتىن خۇشال ياشاش ئۈچۈن بىر نەچچە يىل ياكى بىر نەچچە ئاي باشقىلاردىن بالدۇرراق بىر نەرسە ئۆگەنگەن بولۇش شەرت بولسا، ئۇزۇنراق خۇشال تۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئورۇنغا ئىگە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئورۇن ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىدىن قىلىشمايدىغان مەڭگۈلۈك تالىشىش ئوبيېكتى. ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرى ئورتاقلاشقان بىر نۇقتا شۇكى، بەخت ۋە خۇشاللىقنىڭ ئەڭ ئاددىي شەرتى، دەل ھەركىم ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىش ياكى كەسىپنى قىلىۋالغانلىقى، قىزىقىدىغان ئىشنى ئورۇندىۋالغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. زامانىمىزدا ھەر ساھەدە قىزىقىدىغانلار ئىچىگە كىرەلمەي، ئىچىدىكىلەر قىزىقماي ۋە قەدىرلىمەي، تېرىكىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بۇ پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ بەخت ۋە خۇشاللىققا تەتۈر تۇتقان پوزىتسىيىدىن ئىبارەت. ئەمدى پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، باي، ئەمەلدار ۋە ئۈستۈنلۈك قازانغان بىر تەرەپنىڭ ئاجىزلار ياكى ئاجىز تەرەپ پەرەز قىلغىنىدەك خۇشال ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئادەملەر دۆلەتلەر ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ نەپسى ـ ئارزۇسىنىڭ تورمۇزى بولمىغانلىـ

قىدىن كېلىپ چىققان. بىر دەۋردە خۇشال ئۆتكەن تەرەپ يەنە بىر دەۋرگە كەلگەندە ھېسابىنى بىرەلمەسلىكى ياكى يەنە بىر باشقا كۈچلۈك تەرەپنىڭ ھېسابىدىن قۇتۇلالماسلىقى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قايغۇ

قايغۇرۇشنىڭ ھەممىسىنى زىيان تارتقاندا پەيدا بولىدۇ، دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ. ئادەم دېيىلگەن سۆز، يۈز بەرگەن ئىش ياكى مەنزىرىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، كۆرگەن ـ ئاڭلىغىنىدا ئاۋۋال، ئويلايدىغىنى ئۇنىڭ يامان تەرىپى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدە ھەر دائىم مۇداپىئەلىنىش، ئەندىشە قىلىش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما بەدىنىدە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئىللەتلىك بار ئادەملەر قايغۇ، كۆڭۈلسىزلىك تەرىپىنى كۆپرەك ئويلايدۇ ياكى ئاشۇرۇپ خىيال قىلىدۇ. ھەممىشە بىر ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى بەكرەك تۇتۇۋالىدۇ، ھەتتا ئەسلىدە بولمىغان يامان تەرەپنى ئۆزى پەيدا قىلىۋالىدۇ. بىر ئادەمدە ھەممىشە مۇشۇنداق خىيال ھاكىم بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىنى جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن تەكشۈرتۈشى لازىم. تەتقىقاتلىرىمىزدىن مەلۇم بولۇشىچە، روھىي ساپاغا مۇناسىۋەتلىك قايغۇلار ئاساسەن ئادەمنىڭ ئۆزى سەۋەبلىك پەيدا بولىدىكەن، يەنى ئوقۇش، ئىقتىدارلىق بولۇش، پۇرسەتلەرنى توغرا باھالاش ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇش جەھەتلەردە نورمال بولالمىغان ئادەملەر جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەسىدە تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇپ قالغاچقا، قايغۇ ۋە ئەلەمنىمۇ مۇشۇ يىلتىزدىن ئۆزى ئۆستۇرگەن بولىدۇ. شۇڭا، قايغۇ ئازراق بولسۇن ئۈچۈن، كىچىك ئادەم ۋە كىچىك مىللەت بولۇشنىڭ يوللىرىنى تاللاش ۋە تاللىشىش لازىم.

## قىستۇرما II

ئالدىنقى ماۋزۇدا ئادەمدە بولىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەر ۋە هايات باسقۇچلىرى سۆزلەپ ئۆتۈلدى ھەمدە ھەر بىر باسقۇچتا دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر يەڭگىل بايان قىلىندى. بۇ ماۋزۇدا يەنىلا مۇشۇ ئۇسلۇب داۋام قىلىنىدۇ ھەمدە ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ ئىززىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقى ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا 3 ـ شەخس مەيدانىدا تۇرۇپ مەسلىھەت بېرىلىدۇ. بىراق بۇ قېتىمقىـ سى تېخىمۇ قىزىقارلىق.

www.uyghurkitap.com

# زېرىكىش

كىشىلەر تەرەققىياتى ئاستا، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە يوق، قاتنىشى قالاق جايلاردىكى ئادەملەرنى بەك زېرىكىدۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەممە نەرسە تەل بولغان جايلارنىڭ ئادەملىرى تېخىمۇ زېرىكىدۇ. چۈنكى زېرىكىش ئەمەلىيەتتە مەلۇم تۇرمۇش تەمىنى تېتىغان ئادەمنىڭ يەنە بىر قاتلامغا يېتىش ئارىلىقىدىكى تىتىلدىشىدىن شەكىللەنگەن روھىي ھالەت بولۇپ، شەھەر خەلقىنىڭ زېرىكىشلىكى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. يەنى روھىي ۋە ماددىي نەپسىنىڭ قوزغىتىشى بىلەن پۇت ـ قولىدا ئالتۇن جابدۇقلار، جۇمىكىدە پاكىز سۇ، كوچىسىدا ئاپتوبۇسى بولسىمۇ، داۋاملىق زېرىكىپ، دۇنيانى چۆرگىلىگۈسى، خوتۇنلىرىنى ئالماشتۇرغۇسى، رەڭدار تۇرمۇش ۋە مىليونېرلارچە ھاياتنى قولغا كەلتۈرگۈسى كېلىدۇ. ئەمما تىنچ ۋە ئاستا رىتىملىق يېزا ھاياتىدا شەھەردە كەم بولىدىغان ئادەملىك ھېسسىيات مول بولىدۇ، ئۆيمۇ ئۆي غەيۋەت قىلىشىپ بولسىمۇ ئىچ پۇشقى چىقىپ قالىدۇ، يامان ۋە ناشايان ئىشلارنى ئارزۇ قىلسىمۇ، توۋا ۋە ئىمانىنىڭ كۈچىدە ئۇنى بېسىپ تۇرالايدۇ. مېنىڭچە زېرىكىشلىكنى بېسىشنىڭ يولى دەل ئۆزىنىڭ يۇرتى دۈچ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئامەت ۋە ئاپەتلەرنى ياخشى تونۇپ، شۇنىڭغا ئۆگىنىش ۋە تەدبىر بىلەن جاۋاب قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۆگىنىش ۋە تەدبىر ئادەمنى ئىلمىي ئالدىراش باسقۇچىغا كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە زېرىكىشكە ياكى يامان سۈپەتلىك زېرىكىشكە پۇرسەت بولالمايدۇ.

# تېرىكىش

ۋىجدانى بار ئادەملەر تېرىكىدۇ، دىگۇچىلەرمۇ بار، نېرۋىسى ئاجىز ئادەملەرنىڭ تېرىكىشىمۇ تەبىئىي ئىش دەپ چۈشىنىلىدۇ. خۇشپېئىل كىشىلەرمۇ تېرىكىدۇ، تېرىككەك ئادەملەرمۇ قاقاقلاپ كۈلەلەيدۇ. لېكىن تېرىككەكلىك تېببىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاجىزلىق ۋە كېسەللىكنىڭ ئىپادىسى، ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھۆرمەتسىزلىكنىڭ نەتىجىسى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا نامراتلىقنىڭ قوترىشى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆزى ساغلام، يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن ۋە جەمئىيەتتە ئورنى بار ئادەم بىر ئىشلارغا ئاسان چىچىلىپ كەتمەيدۇ ياكى ئاسان تېرىكىشنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتسىز ۋە سۈپەتسىز قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەلەيدۇ، نۇرغۇنلىغان داۋلىلىق ئادەملەر تېرىككەكلىكى تۈپەيلىدىن ئاغزىنى ۋە قولىنى باشقۇرالماي، گۇناھى بار تەرەپكە ئۆتۈلۈپ، ئۆزى جاۋابكار ياكى مەسئۇل تەرەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئالىم سۈپەت ياكى ئالىملىق ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كاندىدات كىشىلەر مۇ مىجەزىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبلىك بەختسىزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە كېتىدۇ. تېرىككەك ۋە ئاسان چېچىلىدىغان ئادەملەر جاپانى كۆپ تارتىپ، خۇشاللىقتىن ئازراق بەھرىمەن بولىدۇ، ئائىلىسىدە ئۆزىگىمۇ، خوتۇن - بالىلىرىغىمۇ ئارام بەرمەيدۇ، نەتىجىدە ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن قورقىدۇ - يۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭ تۇزلىكى ۋە ئەخمەقلىقى-

دىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، تېرىككەك ئادەملەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئوغرىلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالىدىكەن، چۈنكى تېرىككەك ۋە چېچىلغاق ئادەم قانداق قىلىپ ئۆيىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلەلمىگەچكە، خوتۇن ـ بالىلىرىدا بىر خىل مەڭگۈ قانمايدىغان ئاچلىق پەيدا بولىدۇ. جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ نامرات ئادەم تۇرمۇشتا قىينالغانسېرى شۇنچە تېرىككەك بولۇپ كېتىدۇ، ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن ئادەملەر تېرىكىپ ئۇرۇشسا، خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىدىنمۇ قورقمايدۇ. ئومۇمەن ئىللىق مۇئامىلە قىلىش ۋە باشقىلاردىنمۇ شۇنداق مۇئامىلىنى كۆرۈش كېرەككى، ھاياتنى ئاچچىق كەچۈرمىشلەر بىلەن ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك.

# خۇشياقماسلىق

تېببىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قان ئايلىنىشى ناچارلىشىپ، گۆش (مۇسكۇل) ۋە قان تومۇرلاردا ئوكسىگېندىن مەھرۇم بولغان لەشتەك قانلار تۇرۇۋالغاندا، ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئېرىشەلمەي، ئادەم ۋە نوپۇس سانىغا ھېساب قىلىنمىغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزى ھارام، كۆچى ھالال سۈپەتتە ئىشلىتىلىپ، ھەققە ئېرىشەلمىگەن ھەمدە داۋاملىق نامرات ھالدا تۇرۇۋەرگەندە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھاياتتىن، كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلىنىشى، تىتىلدىشى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقىشى روھىي ھالەت ئىلمىدىكى خۇشياقماسلىقنىڭ دەل ئۆزى شۇ. دېمەك، يامان تەندىن شەكىللەنگەن خۇشياقماسلىق بىلەن جەمئىيەتتىن ھاسىل بولغان ئۈمىدسىزلىك ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا ھايات بىئاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. روھلۇق، تىرىشچان ۋە پاكىز ئادەملەرنى يېتىلدۈرۈشتە يەنىلا تەن ۋە روھنىڭ ساغلام بولۇشى ناھايىتى مۇھىم. ئۇ كىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشقا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىشقا تېخىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئارقىلىق ساغلاملىقىنى تەمىن ئېتىشى، ئوقۇش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئەقىل ۋە تەدبىر بىلەن ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىشى لازىم. ھۆرۈنلۇق، تەخمىنىيلىك، بولۇشچە يەپ

ـ ئىچىش، بەدىنىنى تەڭشەپ تۇرماسلىق قاتارلىق خۇشياقماس-لىقنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق ناچار ئادەتلەرنى تاشلاپ، جۇش-قۇنلۇق ۋە ئىلمىيلىك بىلەن قىياپەتلەنگەن بىر مىللەت ھالىتىگە بالدۇرراق كېلىش — ھەر بىر ئوقۇرمەنگە دەيدىغان يۈرەك سۆ-زۈمدۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تىللىشىش

شەرق ئەللىرىدە تىل ـ ئاھانەتتىن ئۇرغاننى ئېغىر ئالىدۇ، غەرب ئەللىرىدە كىشىنىڭ ئىززىتى ۋە ھوقۇقىغا تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ھاقارەت قىلىشنى يامان كۆرىدۇ. ئومۇمەن تىللاشقان ۋاقىتتا گەپنىڭ ياخشىسى چىقمايدۇ، نۇرغۇنلىرى خەقنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، جىنسىي ئەزالىرىنى، ھايۋانلارنى شىپە كەلتۈرۈپ قارشى تەرەپنى تىللايدۇ، ئاياللار تىللاشمايدۇ، تىللىغاندا سەت گەپنىڭ ئەڭ سەتلىرىنى ئىشلىتىدۇ. ئومۇمەن تىللىغان ئادەم بارلىق زېھنىنى سەرپ قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن ئۈستۈن چىقىش- نى ئويلىسا، تىللانغۇچى ھاقارەت، بېسىم ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ تىللاشقا كىرىشىدۇ. تىللىغانغا چىداپ تۇرالايدىغان ئىككى خىل ئادەم بار: بىرى، ھەقىقەتەن گۇناھى بار ئادەم، يەنە بىرى مەقسىتى ئېنىق، پىلانى چوڭ ۋە بىلىمى كەڭ ئادەم. ھازىرقى زامان شارائىتلىرىدا تىللىشىشنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە ئازار بېرىش، تەھدىت سېلىش، ھاقارەت قىلىش، يارىلاندۇرۇش ياكى ئۆلتۈرۈش... پۇراقلىرى چىقىپ تۇرغان ئىجتىمائىي تىل- لاشلارنى كۆرسىتىدۇ، سىياسىي تۈس ئالغان ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچمەنلىك قىلىپ تىللايدىغان ئەھۋاللارمۇ ئاغزاكى شوئار شەك- لىدە ياكى مەتبۇئات ۋاستىسىدە ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. تىللاش ۋە تىللىشىش تەبىئىلا بىر ـ بىرىدىن ۋەھشىي سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە، ئۆچ ئېلىشقا ۋە ئۇزۇن يىللىق ئاداۋەت ساقلاشقا

ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە ھەر خىل بەختسىزلىكلەر يۈز بېرىدۇ
ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇقى تېرىلىدۇ. ئايرىم ئەھۋاللاردا تىللىشىش
ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ تېگىنى ياكى ئۇنىڭ ئاساسىي شەرتىنى
بىلىش مۇمكىن، تىنچلىقتا بىللە ئۆتەلمەي، تىللاشقاندىن كېيىن
ياخشى بولۇپ قالىدىغانلارمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن ھەر ساھە،
ھەر مىللەت كىشىلىرى ئۆزئارا ئىناق بولۇشى، بىر ـ بىرىنىڭ
ھەقلىرىنى ھۆرمەت قىلىش، تىللاشماي ياخشى ئۆتۈشلىرى
لازىم، بولمىسا ھېچكىم ھېچكىمنى يېڭەلمەيلا قالماستىن، زەدـ
جىرسىمان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

# ئۈرۈشۈش

بۇ قول ـ پۇتى، كالتەك ـ توقمىقى، تاش ـ تانكىسى بىلەن ھەم جىسمانىي ھەم مەنىۋى ئۇرۇشۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى قانداق ۋاسىتە بىلەن ئۇرۇشمىسۇن، مۇقەررەر ھالدا ئىنسانلار يارىلىنىدۇ ۋە ئۆلىدۇ، مەسۇملار يېتىم ۋە خار بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە روھىي جەھەتتىن يارىلىنىدۇ ياكى ئۆلىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋىتى يىللار ۋە ئەسىرلەرگىچە ئۇنتۇلماسلىقى مۇمكىن. شەخسلەر ئارا ئۇرۇش بولسۇن، ئەللەر ئارىسىدىكى جېدەل ـ سوقۇش بولسۇن، ئۇنىڭ ھەق ـ ناھەقلىق، مەنپەئەت ۋە تەكەببۇرلۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن شەكىللىنىدىغانلىقى مۇقەررەر، لېكىن ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان ئاپىتى يەنىلا ئوخشاش. ھازىرقى زامان ئۇرۇشلىرى مەسىلەك، بايلىق، سۇ ياكى گۇرۇھ توقۇنۇشى بولغان بولسا، قەدىمكى زاماندا يېمەك ـ ئىچمەك، دىن ۋە مەزھەپ ئۇرۇشلىرى بولغان. شەخسلەرنى ئېيتساق، ئۇلار كۆپىنچە نام ـ ئاتاق، جىنسىيەت ۋە ھاراق تۈپەيلىدىن ئۇرۇشىدۇ، پۇل ـ مال ۋە خوتۇن تالىشىپ ئۆلىدىغانلارمۇ كۆپ، بىزدە ئاساسلىقى ھاراق ۋە ئايال سەۋەبلىك ئۇرۇشىدىغانلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزىدە ئۇرۇشۇش ئىنتايىن زورۇردەك بىلىنىدۇ، بەزىدە ئۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئويلىسا خىجىل بولۇشىدۇ. خۇلاسە قىلغاندا ئىمكانقەدەر مەسىلىنى مەدەنىيەتلىك ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىش، تىللىشىش ۋە ئۇرۇشۇشتىن ساقلىـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىش لازىم. بولۇپمۇ تۆۋەن سۈپەتلىك مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۇرۇ-
شۇپ، ئۆلۈش ۋە ئۆلتۈرۈلۈش يولىدا كېتىپ بارغان ياشلىرىمىز
بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتىشى لازىم.

# قىيداش

ئۆزىنى قىيناش، باشقىلاردىن ئاغرىنىش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەتنى قىيداش دەيمىز، بۇ ئەمەلىيەتتە كۆز قىيمىغان ياخشى كۆرۈش بىلەن ئاغرىنىش گىرەلەشكەن، ئۈمىد بىلەن ئارزۇ ئورۇندالمىغان مۇرەككەپ ئىچكى دۇنيانىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۆچمەنلىك ياكى قەتئىي قارشىلىشىش دەرىجىسىگە بارمىغان، ئەمما شۇ كىشىگە ياكى ئىشقا تەلەپچان پىكرى تولۇپ ـ تاشقان ئەھۋالدا قىيداش كېلىپ چىقىدۇ. يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا، قىيداشنىڭ كۆپ قىسمى ئادەمنىڭ ئۆزى سەۋەبلىك تېپىۋالغان روھىي بوپىسى بولۇپ، قىيدىغۇچى بۇنى بىلمەي تېخى ئۇنى باشقىلاردىن، باشقا ئەللەردىن كۆرۈپ ئۇلارغا باتناپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى، ھەتتا ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن جازالىماقچى بولۇشىدۇ. شەخسلەر ئارا قىيداشقاندا بىر ياندىن كۆز قىيمىغان ۋە ئايرىلالمايدىغان بولسا، يەنە بىر ياندىن قارشى تەرەپنى تەنقىدلەش، ئەيىبلەش ۋە كوچىلاش تەرىپىگە ئۆتكەن بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سوغۇق ئۇرۇش كېلىپ چىقىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئادەتتىكى گەپ ـ سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدىن ھەر خىل مەنىلەرنى چىقىرىۋالىدۇ ھەمدە ئۇزۇنغىچە روھىي يۇك پەيدا قىلىۋالىدۇ، مەلۇم مەزگىل گەپلەشمەسلىك، يىراقلىشىش ياكى كۆرۈشمەسلىك، ھەتتا قوبۇل قىلماسلىق شەخسلەر ئارىسىدىكى

قېيداشنىڭ كونكرېت ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت. بەزىدە باشقا ئەل ۋە خەلقلەردىن قېيدايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ياخشى ئويلىنىپ كۆرسەك، هازىرقى زاماندىكى ئالدىراشچىلىق ۋە ھەمكارلىقتا بىركىملەرنى ئۆزىگە قارىتىمەن ياكى روھىي جەھەتتىن جازالاي-مەن دەپ قېيداشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى ياكى رولى يوق. ھەتتا گۇناھ ياكى ئەيىب باشقىلاردا بولسىمۇ ئۇچراشماي، سۆز-لەشمەي ياكى ئۆزىنى كۆچلۈك قىلىپ دىققەت قوزغىماي تۇرۇپ ئىپتىدائىي قېيداش ۋاستىسى بىلەن ئۇ ئالدىراش ۋە كۆچلۈك خەلقلەرنى تەسىرلەندۈرگىلى بولمايدۇ. مەنپەئەت ۋە ئالماشتۇ-رۇش ئاساس قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ۋە دۆلەتلىك مۇناسىۋەتلەردە ئالدى بىلەن كۆچلۈك، لازىملىق ۋە ئالاھىدە تەرەپلىك بولۇش ئارقىلىق ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى، ئەپۇ سورىشى ۋە ئېگە-لىپ كېلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

# كۆرمەسكە سېلىش

ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ بار: ئادەمنى مۇكەممەل بولۇشقا زورلاش ياكى بىر كىمنى ئەڭ مۇكەممەل دەپ ھېسابلاش قىلغىلى بولمايدىغان ئىشنى قىلايلى دېمەكتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئادەمنىڭ، يا بىرەر ئەلنىڭ كەمچىلىك تەرەپلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن رايى يېنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن سۆز - چۆچەك تارقىتىشنى تەكرار - تەكرار، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش مودا بولغان بۇ يۇرتتا، كۆرمەسكە سېلىش ياكى ئۇقمىغان بولۇۋېلىش ئارقىلىقمۇ ئۆزى تاپقان ئۇ ئازابنى يەڭگىللىتىش مۇمكىن. بەزى ئادەملەر ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىغان ئادەملەر ياكى ئەللەر ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئاللىكىملەرنى تىللاپ كېتىدۇ، «بوزەك قىلغۇچى» لارنىڭ زادى نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ ياكى بىلىشنى قەتئىي خالىمايدۇ. شۇ چاغدا بۇ ئۇسۇل شۇ كىشىگە ئارام بېرىشىمۇ، بىر ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاشقا ياردىمى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلۇغ، پاك ۋە داڭلىق ئاتالغان ئادەملەردىمۇ ئىنسانغا خاس خۇسۇسىيەتلەر بولغاچقا، ئۇنى ئاۋۋال ئىلاھ قاتارىدا كۆرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭدىكى تەبىئىي ئىشلارنى سىڭدۈرەلمىگەن چاغلاردىمۇ «كۆرمەسكە سېلىش، توغرا چۈشىنىش» ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغاندا، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش، يۇرتلار ئارا ئىناق ئۆتۈش ۋە ۋەتەنىنىڭ ئالىي مەنپەئىتىنى ساقلاش مەقسىتىگە

يەتكىلى بولىدۇ، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئەكسى يۈز بېرىدۇ. ئەلۋەتتە پرىنسىپسىز يول قويۇش، ناھەق ئىشقا گەپ قىلماسلىق ۋە يامانغا يان تاياق بولۇش غەرىزىدە ھەرقانداق زىيانلىق يۈزلىنىشكە قۇلاقـ نى يوپۇرۇپ يۈرۈشمۇ خائىنلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ھېسابلىـ نىدۇ، بۇنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئېلىۋېلىش

بۇ ماددىي جەھەتتىن ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى ئېلى- ۋېلىش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن خەقلەر خالىمايدىغان شارائىتتا ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقىنى سورىماي، ھەتتا زورلۇق بىلەن ئېلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ، ئەقەللىيسى كىشىنىڭ مال - مۈلكى ۋە پۇل - پۇچەكلىرىنى رۇخسەتسىز ئېلىۋېلىش ياكى خەقنىڭ ئىدى- يىسى ياكى ئەسىرىنى پۈتۈن سۈرۈك ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشمۇ شۇ- نىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى باشقىلارنىڭ بىلمەسلىكى ۋە خالىماسلىقى. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئەڭ كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ، خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرگىچە ئېلى- ۋېلىش، سوقۇۋېلىش، قويۇۋېلىش ھادىسىلىرى ھەر مىنۇتتا يۈز بېرىپ تۇرماقتا. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي ۋە ئىنسانلىق بۇرچى- غا تاقىلىدىغان، ھەجمى ئىنتايىن چوڭ بولغان غۇۋا بىر تېما. ئومۇمەن كىشىلەرگە چۈشەندۈرمەي، ماقۇللۇقىنى ئالماي ياكى زورلۇق ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ماددىي ياكى مەنىۋى نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىش، ياخشى تەرەپتىن، غەلىبە تەرەپتىن خەۋەر بەرمەيدۇ، ئۇ نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە تولدۇرغۇسىز چىقىملارنى ئېلىپ كې- لىدۇ، گەرچە ئۇ نەرسە ياكى چۈشەنچە بەك كىچىك بولسىمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چېقىمچىلىق

چېقىمچىلىق ھادىسىسى ئىنسانىيەت تارىخى باشلانغاندىن بۇ-
يان مەۋجۇت بولغان چوڭقۇر ئىجتىمائىي كۆرۈنۈش. ئەمما دەۋر
تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئىپتىدائىي تۇرمۇش ۋە ياكى
تەبىئەتكە تايىنىپ ياشاش باسقۇچىدا كىشىلەرنىڭ ھەمكارلىشىش،
كۆيۈنۈش ۋە ئادەمگەرچىلىك چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزئا-
را ياردەم قىلىش ۋە ئورتاق مۇداپىئەلىنىش كۆزقارىشى ئۈستۈن
ئورۇندا تۇراتتى، خاپىلىق ياكى كېلىشمەسلىكنى تاشقى كۈچلەر-
دىن يەنى تەبىئەتتىن ۋە ياۋايى ھايۋانلاردىن كۆرەتتى. زامان
تەرەققىي قىلىپ رىتىم تېزلەشكەنسېرى ئادەملەر ئارىسىدىكى
مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىلا ئويلاش، ھەرقانداق نەرسىنى
ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش، ئەگەر قىلالمىسا ئۇنى ئەتراپىدىكى كىشى-
لەردىن كۆرۈپ، ئۇلار توغرىسىدا قالايمىقان گۇمان قىلىشتەك
خۇلقىنى ئۆزىگە ماركا قىلىۋالدى. شۇ سەۋەبتىن ئىككى ياكى
ئۈچى ئوتتۇرىسىدا چېقىمچىلىق قىلىشنىڭ يوچۇقى ئېچىلغان
بولدى ۋە بۇنداق بەتقىلىقنى قىلىدىغانغا ئادەملەر كۆپەيدى ياكى
ئۇ ئىش كەسپلەشتى. قارشى تەرەپنى خاتا مۆلچەرلەشتىن تار-
تىپ مەقسەتلىك ۋە بىلىپ تۇرۇپ زەربە بېرىشكە قەدەر ئىشلاردا
ئۆزلىرى يېتىشمەي ئادەم ياللايدىغان، ھەتتا بۇنىڭغا مەخسۇس
ئاپپاراتلار تەسىس قىلىدىغان بولدى. ئۇ ئاپپاراتلار ھەرقايسى
دەۋرلەردە ھەر خىل ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىزمىتى ئوخشاش

ئىدى. ئەمما ئىنتايىن تىپىك ۋە ئومۇملاشقان چېقىمچىلىق ئەھ-
ۋاللىرىدىن بىرىنى مىسال قىلغاندا، ئۆزى چۈشەنمىگەن ياكى
ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە سەۋىيىسى يەتمىگەن ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئوبزور
قوشۇپ باشقىلارغا ياكى مەسئۇللارغا يەتكۈزۈش ھەمدە شۇ ئارقى-
لىق ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئەقىللىق ۋە ھوشيار ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رۈش. ئۇنىڭ گەرچە ئاتالمىش پايدىلىق يەرلىرى بار بولسىمۇ،
بىراق بۇنداق قىلىقسىزلىقنىڭ ئېنىق چەك - چېگرىسى بولمى-
غاچقا، نۇرغۇن ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلار چېقىمچىلىق
(ئەمەلىيەتتە سەۋىيىسىزلىك ۋە جان ساقلاش) نىڭ تەسىرى
بىلەن يوق بولىدۇ. بۇ نۆۋەتتە يۇرگۈزۈلۈۋاتقان «ئىناق جەمئى-
يەت» قۇرۇلۇشىغىمۇ بەك زىيانلىق. چۈنكى ھەر بىر ئادەم ئازادە
ۋە خاتىرجەم ياشىغاندىلا، ئاندىن دۆلەتنى تەرەققىي قىپتۇ دېگىلى
بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۈشمەنلىك قىلىش

كىشىلەرگە جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن زىيانكەشلىك قىلىشقا قاراپ ئېلىنغان قەدەمنى دۈشمەنلىك قىلىش دەپ ئاتايمىز. ئادەمنىڭ نەپسى شۇ قەدەر تويماسكى، ئۇنىڭ دۈشمىنى بەدەنلىك ياكى روھ نۇقتىسىدىن بىئارام قىلالمىغۇدەك دەرىجىگە چۈشۈرۈلمىگۈچە خاتىرجەم بولالمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ تىرىك تۇرۇشىنىمۇ بىر خىل خەتەر ھېسابلايدۇ. بۇ بىر خىل ئېغىر روھىي كېسەللىككە كىرىدۇ. بۇ كېسەللىككە شەخسىي ئادەملەرمۇ، كوللېكتىپمۇ، تەشكىلات ۋە دۆلەتمۇ گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ مىسالى ناتسىت گېرمانىيىسى ۋە ھازىرقى ئىسرائىلىيە ــ پەلەستىن دۈشمەنلىكى. دۈشمەنلىك قىلىشقا ھەر خىل «يوللۇق» باھانە ۋە چىرايلىق ناملار قويۇلىدۇ، بۇنداق دۈشمەنلىك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد، ئەسىر ۋە ئېرالارغىچە داۋام قىلىشىمۇ مۇمكىن، ئەمدى شەخس دۈشمەنلىكىگە كەلسەك، تۇرمۇش رىتىمى تېز بولۇۋاتقان جەمئىيىتىمىز ھەممىلا ئادەمگە بېسىم، پۇرسەت ۋە ۋاستىلەرنى تۇركۈملەپ تونۇشتۇرماقتا. بىر كىمنىڭ يېگىنى، كىيگىنى، ئېيتقىنى، كۆتۈرۈۋالغىنى، قولتۇقلاپ ماڭغىنى، مىنگىنى، چۈشۈۋالغىنى... يەنە بىر كىمنىڭ دىققىتىنى ۋە ھەسسىتىنى قوزغاۋاتقان زامانىمىزدا خەجلەۋاتقىنى، ئېلىۋالغىنى، قىلىۋالغىنى تېخىمۇ تېرىكتۈرىدۇ ئادەمنى. شۇنىڭ بىلەن ھاقارەتلەش، چېقىپ يوقىتىش، يارىلاندۇرۇش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق

دۇشمەنلىكلەر ئىجرا قىلىنىدۇ. مەنىۋى دۇشمەنلىكلەرنىڭ ئازابى
بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر. لېكىن شۇنىسى ئايدىڭ بولسۇنكى، بىر ئادەم
يەنە بىر ئادەمنى يوقىتىپ ياكى ئۇنى ئازابلاپ ئىلگىرى ئويلىغان
«لەززەتلىك كەلگۈسى» گە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى
ئادەمنىڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى مەۋجۇت بولمىسا بۇ ئادەم يەنە زېرىكى-
دۇ ياكى بولمىسا كىشىگە يامانلىق ۋە دۇشمەنلىك قىلىپ ئۆگەنى-
گەن ئادەم ئوڭ بولامدۇ، سول بولامدۇ، قانداقلا ھەرىكەت بولسا
ئالدىغا چىقىپ ئادەملەرگە ئازاب كەلتۈرىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتكە
ۋە ئىنسانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ھەر قانداق تىپتىكى دۇش-
مەنلىك خاھىشلىرىنى تەنقىدلەش، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، ئەپۇ-
چان بولۇش ھەمدە ھەر قانداق ئىشنىڭ سورىقى بارلىقىغا ئىشى-
نىش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## قىستۇرما III

كىشىلەرنىڭ كۈندە ئاڭلايدىغان ۋە ئۇچرىشىدىغان ئىشلارنى ئۆز مەنىسى بويىچە ئاڭقىرالىشى ناتايىن. نۇرغۇنلىغان ئۇقۇش-ماسلىق ۋە خاپىلىقلار مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. تۆۋەندە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى سۆزلىنىپ، چۈشىنىش ۋە يول قويۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى سىلىقلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

## ئاتا - ئانا

شەرق ئەللىرىدە ئاتا - ئانىلارنى ماددىي جەھەتتىن بېقىش، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى شەرتسىز ئورۇنداش، ئەخلاقنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى دەپ قارىلىدۇ. ئاتىلار قىزلىرىدىن، ئانىلار ئوغۇللىرىدىن بەكرەك غەم قىلىدىغان بۇ دۇنيادا، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئېشىپ بارىدىغان ھۆرمەت قىلىنىش نەپسى ۋە باشقۇرۇپ بېقىش ئىستىكى بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئاساسەن پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزۈن كىيىنىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك، ئۇلارنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىق... قاتارلىقلار بىلەن قاندۇرۇلغاندەك بولىدۇ. ئاتا - ئانىنىڭ سالاھىيىتى كۆپىنچە بالا تېپىش ۋە ئۇلارنى بېقىش بىلەنلا كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئىدىقۇت، قارىخانىيلار، ئۇدۇن، سەئىدىيە دەۋرلىرىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئالىي ئىلىم دەرگاھلىرىنى قۇرۇپ بالا تەربىيىلەش-

نى چىڭ تۇتقانلىقى مەدھىيىلەنسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيان بوۋىلارنىڭ سۇپەت جەھەتتە ھېلىكوپتېردەك تۆۋەنلىشى بالىلىرىنىڭ ھاياتى ۋە تەدبىرلىرىدە ناچارلىشىشنىڭ ھەممە بەلگىلىرىنى كۆرسەتكۈزدى: كۆپىنچە ئاتا - ئانىلارنىڭ ساۋاتسىز بولۇشى، تەبىئەتكە بېقىنىپ ياشىشى، يۇرت ئايرىلماسلىق، چەت ئەلگە بارماسلىق، دىندىن باشقىنى ئۆگەنمەسلىك، قىزلارنى ئوقۇتماسلىق، قىيىن تېخنىكىلارنى ئۆگەنمەسلىك، مىللىي مەدەنىيەتنى ھۇنەرلەشتۈرۈۋېلىش، كىيىنىشكە قاراپ باھا بېرىش، ئازراقلا مەنسىپى بولسا يۇرتداشلىرىنى ئېزىش، شەھۋانىيەتنى مۇھەببەت دەپ كۈيلەش، باشقۇرۇپ تۇرمىسا ئۆز ئىشىنى تاپالماسلىق، باشمالتىقىنى چىقىرىپ، دولىسىغا ئۇرغانغا سىرلارنى تۆكۈش، تەبىئىي پەنلەرگە ئىنتىلگەنلەرگە قارا چاپلاش، ۋاقىت ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولۇشقا سەل قاراش، قابىلىيەتلىك ئادەملىرىنى چېقىپ يوقىتىۋېتىش ھەمدە ئوقۇغان، بىلگەننى يۇرتتا ئارام بەرمىدى دەپ تۇتۇپ بېرىش قاتارلىقلار. بۇنىڭ زىيانلىرى ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ زەھىرىنى كۆرسىتىۋاتقان بولسا، يەنە مۇشۇ ئىشلارنى يېڭى نۇسخىلىرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئاتا - ئانىلار تېخى ئاز ئەمەس. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ۋە تەپەككۇر يۈكسىلىشىدىن ئىبارەت تەييار شارائىتىدىن پايدىلانماي، يەنە ئوكيان - قىتئە نېرىسىدىكى ئىلغار مەملىكەتلەرنى تىللاپ كۈنلىرىنى قېيداش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر بالىلىرىغا يېڭى زەھەرلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بىزنىڭ كىتابىمىزدا دېيىلگەن قىسمەن بەختسىزلىكلەرگە سەۋەبچى بولۇشى ۋە ياكى بىزنىڭ ئېسىمىزگە كەلمىگەن خاپىلىقلارنى پەيدا قىلىشى ئېھتىمال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# پەرزەنت

ئەنئەنىمىزدە بالىلارنى بېقىپ ئۆيلەپ قويۇش پەرھىز دېگەن نېكىلدەك مۇستەھكەم قاراش بار، بۇ تېخى بالىلاردا بولىدىغان چوڭ تاما. مېنىڭچە بۇنى بالىلارنى ئوقۇتۇپ قويۇش پەرھىز دەپ ئۆزگەرتىش لازىم. قالغىنىنى ئۆزى تېپىپ، ئۆزى قارار قىلىپ، ئالىدىغان قىزى ياكى تېگىدىغان يىگىتىنى ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرسىتىپ قويسا بولىدۇ. رىتىم تېز، بېسىم ئېغىر ۋە مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى نەق باشقا كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ توي قىلىشنى مۇرادىغا يېتىش دەپ تونۇش ياكى پەرزەنتكە خوتۇن ئېلىپ بېرىشنى ھاياتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىش دەپ، پۈتۈن زېھىن ۋە بار ـ يوقىنىڭ ئارىلىقىدىكى ھەممە ئىقتىسادنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىش ئىنتايىن ئېغىر بولغان گاسلىق ياكى قارىغۇلۇقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. پەرزەنتتە بىلىم بولسا ساپا ـ سۈپىتى بار بولىدۇ ياكى شۇ تەرەپكە يۈزىنى قىلىدۇ. سۈپىتى بار ئادەملەر ئەنئەنە ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇنۇتمايدۇ، قان ۋە تونۇشنى بۇلغىمايدۇ. شۇڭا قىز ـ ئوغۇللارنى نەچچە يىل ياكى نەچچە ئاي سىناپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ «باشقۇرۇش تەۋەلىكى» گە كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن توي قىلىشقا ماقۇل كېلىدىغان، ئەمما تويدىن كېيىنمۇ ئۇلارنى باشقۇرۇشتىن ۋاز كەچمەيدىغان ئاتا ـ ئانىلارنى ئەنسىرەتمىگۈدەك بالىلار يېتىشىپ چىقسۇن دېسەك، بۇ بالىلاردا

چوقۇم سەۋىيە ۋە ساپا بولۇشى شەرت. ھازىر ھەممىلا ئادەم ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلەيدىغان بوپقالدى. دوكتور، پەيلاسوپلىرىمۇ شۇنداق، بىراق ئۇ گەپلەر مىڭ يىلدىن بۇيان دېيىلىپ كېلىۋاتقان كلاسسىك گەپلەر. مەسىلەن: ئاتا - ئانىنى ئۇرماسلىق، ئۆلتۈرمەسلىك... قاتارلىقلار. مەنچە بۇنداق نەسىھەتلەرنى ئەڭ ئالىي ئۇقۇم دەپ يۈرمەسلىك، بولۇپمۇ ئاتاقلىق ئادەملىرىمىز بۇ گەپلەرنى تەكرارلاپ، ئۆزىنى داھىي سايلىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇنەۋۋەر ۋە سۈزۈك ئادەملەرگە شۇ ئايدىڭكى، ئۇ سۆزلەر خۇددى ئۆرە تۇرۇپ ئىشتان كەيسەڭ يىقىلىسەن دېگەنگە ئوخشاش پايدىلىق گەپ بولسىمۇ، بىراق ئەڭ يۇقىرى ئۇقۇم بولۇشى ناتايىن. بىز ئەمدى ئەۋلادلارنى ساپالىق بولۇشقا، مىللىي مەدەنىيەتنى ئۇنۇتماي ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا، زامانىۋى مىللەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا ھەمدە داڭلىق مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشىمىز ياكى روھ قوشۇشىمىز لازىم. گەرچە ئوقۇۋاتقان بالىلارنىڭ بەزى ئىشلىرىغا نارازى بولۇۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭلا يارامىلىق بولمايدىغانلىقىدەك قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا، شۇلار ئارىسىدىن چوقۇم ئاز بىر قىسىم يېتەرلىك ساندا مۇنەۋۋەر قىز - يىگىتلەر يېتىشىپ چىقىدۇ، ئاتا - ئانا ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇلارنى تەربىيىلىمىسەك ۋە كۆزەتمىسەك، قايسى ئادەمنىڭ قانداقلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ ئومۇمەن پەرزەنت ئۇ ئۆز ۋاقتىدا بالا بولسا، پات ئارىدا ئاتا - ئانا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى خوتەندەك يىراق ۋە تۇرپاندەك يېقىن. شۇڭا ھەر خىل خاپىلىقلارنىڭ كۆپىنچە بىلمەسلىك ۋە بىلەلمەسلىكتىن كېلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، پەرزەنت

بولغۇچى ئەمدى يۆلىنىش، ساقلاش، قېيداش پاتقىقىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، لاي ـ لاتقىدىن تازىلىنىپ ئادەمدەك يۈرۈشلىرى لازىم.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كېلىن

كېلىننى قاچانمۇ ئۆز ئادەم دەرمىز دەپ سورايمەن ئانا، موملاردىن. ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىغا سېلىشتۇرۇپ يانچە قاراۋاتقان، ئوغلىدىن كۈنلەپ ئاچچىق گەپ قىلىۋاتقان، كېسەل بولسا نېمىشقا كۆپ ئاغرىيدۇ، دەپ كايىۋاتقان، ئوغلىنىڭ پۇلىنى ئانا ساقلاۋاتقان، كېلىننى ئۆي خىزمەتكارىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئىشلار جەمئىيىتىمىزدە خېلى نۇرغۇن، بولۇپمۇ ئەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاتا - ئانا ھەيۋىسى يۇقىرىراق جايلاردا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. ئەگەر ئادەملەر ئارا باراۋەر مۇئامىلە بولمايدىغان، ھۆرمەت بىلەن قورقۇشنى پەرقلىق مەنىدە ھېسابلىمايدىغان ئائىلىلەر كۆپىيىدىكەن، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىككى: بىرى، كېلىن يوشۇرۇن ئوينايدىغان بوپقالىدۇ، ھاراق ۋە تاماكىدىن تارتىنمايدۇ. ئىككىنچىسى، كەلگۈسى ئىشلار ۋە يىراق پىلانلارنى تۈزەيدىغان مېڭە يىگلەپ، ھازىرلا، بىردەمدىلا ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان ھۈنەرلەرنى ئىلىم - پەن دەپ چۈشىنىۋالىدۇ، باللارنى ساۋاتلىق قىلىپلا كەينىنى ئوقۇتمايدۇ، ئۆزىمۇ گېزىت - ژورنال كۆرمەيدۇ، ھەتتا يېڭى ساۋاتسىزلارغا ئايلىنىپ، مىللەتنىڭ پاسسىپ كۈچلىرىگە ئەزا بولىدۇ. بۇنداق يۈزلىنىشنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئادەمنىڭ مەنىۋى ئاچلىقى بولغان چۈشىنىش، تەڭ كۆرۈش ۋە مېھرىبانلىق يوق بولغان ئائىلىدە، ئۇنى سىرتىدىن ئىزدەيدىغان كېلىنلەر كېلىپ چىقىدۇ ياكى ئۇنى قىلالمىسا قېيداش بىلەن ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاشلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە مىللەتنى جازالايدۇ. شۇڭا كېلىنمۇ قېينانا، قېيناتىسىنى پىسخىك جەھەتتىن ئاتا ـ ئانا كۆرسۇن، چۈنكى ئۇلار يۇرتداش، ۋەتەنداش؛ ئاتا ـ ئانىمۇ كېلىنىنى قىزى ھېسابلىسۇن، چۈنكى كېلىنمۇ يۇرتداش، ۋەتەنداش. بۇنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشەنگەن ۋاقىتتىلا، نۇرغۇن زىددىيەت ۋە توقۇ-نۇشلارغا چىقىش يولى تاپقىلى ۋە ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغان ھەر خىل كېلىشمەسلىكلەرنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

# كۈيئوغۇل

ئوغۇل ئۆيلەنسە باشقىلارنىڭ قىزىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ياكى
ئاتا ـ ئانا بار قورۇغا كۆچۈرۈپ كېلىش بىزدىكى قەدىمىي ئادەت.
قىزنىڭ ئۆيىگە كۈيئوغۇلچىلاپ كىرىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئەـ
مەس. كۈيئوغۇلنىڭ ئايالىنى قوغداش، ئاسراش ۋە ئۇنى تەربىـ
يىلەش مەجبۇرىيىتى بار، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەشـ
نىڭ ئەڭ ياخشى يولىمۇ شۇ. شۇنداق بولسىمۇ، كۈيئوغۇل يەنىلا
قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يېڭى بىر ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا
كۈيئوغۇل بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ
قىزىقىشى ۋە خاراكتېرىگە قارىتا مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى بىر ـ
ئىككى يىلدىلا ئۆزىنىڭ شەخسىي بالىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئالـ
دىرىماسلىقى لازىم. بەزى ئانىلار كۈيئوغۇلنى چوڭ ـ كىچىك
ئىشلىرىغا سېلىپ راھەت كۆرمەكچى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ قىزىنى
ماختاپ، كۈيئوغلىنى چۆكۈرۈپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىدۇ. بۇ
ئىشلار شۇ قەدەر زىيانلىقكى، ئۇنىڭ خاپىلىقى قىزىغا كېلىدۇ
ياكى ئۆي بۇزۇلىدۇ. يەنە بەزىلەر توي ئالدىدا كۈيئوغۇل تەرەپنى
راسا شىلىۋالغان بولغاچقا، تويدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى
تاپالماي روھىدىن سىقىلىدۇ ۋە ئەركىن بولالمايدۇ. گەرچە بىز
تەشەببۇس قىلمىساقمۇ، ئىنسانلارغا ئورتاق بىر ئىشنى ئېيتماي
بولمايدۇكى، ئوغۇللار تويدىن بۇرۇن قىزلارغا يالۋۇرىدۇ، تويـ
دىن كېيىن ئاياللار بۇرۇنقىدەك ئىززەتلەنمەيدۇ. بۇنىڭ بىزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەۋدىلىك بولۇشىدا قىزنىڭ ئانىسىنىڭ نەپسى يامانلىقى تۈپەيلى-
دىن ئوغۇل تەرەپنىڭ يۈرىكىدە نەچچىلىگەن «خەپ» لەرنى جۇغ-
لاپ قويغانلىقىدىن بولىدۇ. شۇڭا تويلۇقنى قىزىم ياخشى تۇر-
سۇن دېسە، ئېغىر سالمىغاي، كۈيئوغۇلغا بەك يېقىن بوپ كەتمى-
گەي، ئەمما ئۇنى چوڭ كۆرگەي. ئەيىبى بولسا يەڭ ئىچىدە
تۇگىگەي، ئەمما قىزىدىن ئەھۋالىنى سوراپ تۇرغاي. ئەڭ مۇھىم
پەرھىز شۇكى، قىز - ئوغۇل تۇتقان ئۆينىڭ ئاچقۇچى ئانىدا
بولمىغاي!

# ئەجداد

ئادەمنىڭ چوڭى ئەجداد، كىچىكى ئەۋلاد دېيىلىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ھەر بىر قىلمىش - ئەتمىشى ۋە خۇي - پەيلى ئەۋلادلارنىڭ قانداق كۈن كۆرۈشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ بىزگە ئوخشاش ئەجدادى ئەۋلادىنى باشقۇرىمەن دەيدىغان ۋە ئەۋلادى ئەجدادىدىن تاما قىلىدىغان خەلقلەردە تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا دائىم تەكىتلىگىنىمىزدەك، ئەۋلادىدىن ئۈمىد كۈتكەن ئەجداد ئالدى بىلەن ئۆزىنى سالاھىيەتلىك قىلىشلىرى شەرت. بۇندىن كېيىن ئەجدادلارنىڭ ھەر بىر ئىشى ۋە گەپ - سۆزى خاس ئۆزىگىلا تەۋە بولماي قالىدۇ، بەلكى ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىمۇ شۇ ئىش ۋە سۆزلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. گەرچە ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرى بار بولسىمۇ، ئۇنى سۆزلەش، يېزىش ۋە ئۈلگە بولۇش روھى سۇس بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوبرازى ناھايىتى غۇۋالاشقان ھالدا ھازىرقى كاللىمىزدا تەستە ئەكس ئەتمەكتە. دېمەك، شانلىق ئىزلار بولۇش بىلەن بىرگە جانلىق تەشۋىقات يېتەرلىك بولمىسا، ئۇنى ئەۋلادلار زېھنىدە ماكانلاشتۇرۇش ناھايىتى قىيىن. ماڭا ئوخشاش مەدەنىيەت تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىر خىل ئارتۇقچىلىق ياكى ئالاھىدىلىك بولماي ياكى قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت دېيىلگەندىلا، ئاندىن بۇ قىيىن ئىشنى ياخشىراق ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ھازىرقىدەك ھاراق سورۇنىدا ئەجدادلاردىن ئاغرىنىدىغان ۋە ئۆلگەن

رەھبەرلەرگە ئەقىل ئۆگىتىدىغان، ئەمما سورۇن تارقالسا يەنىلا سۇپەتسىز ئەجدادلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەۋلاد تەربىيىلەشنى پەقەت بېقىش دەپلا چۈشىنىدىغان كونا كاللا خۇددى جۇلۇق هارۋا غىچىرلاپ ئارام بەرمىگەندەك، ھەر يەرگە ماڭغىنى ماڭغان. مۇشۇنداق بولغاچقا، هاراقكەش ۋە ۋەدىكەش زىيالىيلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان موللىلار بازار تاپتى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا كونا هارۋىدا چىغىرلىقتا بىر مىللىمېتىرمۇ پەرق چىقارماي ماڭغىنى ماڭغان. شۇڭا ئەجدادلارغا ۋە ئەجداد بولايلا دەپ قالغان ياشلارغا شۇنى تەكرار ئېيتىمىزكى، كاللا ۋە يېمەكلىك يارىتىلغان ئىكەن، قالدىسىنى، توغرىسىنى ۋە هازىر جىددىي لازىملىقىنى ئۆزى تېپىپ ئەۋلادلارغا بەختسىزلىك ئەمەس، بەخت ئاملىلىرىنى قال-دۇرايلى.

# ئەمەل

ئەمەلنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولمايدۇ، ھوقۇقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بار. ئەمەلنىڭ ئۆزى شۇ جەمئىيەتنىڭ سىغىمچانلىقى، تارىخىي ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلما سۇپىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەملىكىتىمىزدە ھەر 26 ئادەمگە بۆلۈم دەرىجىلىك ئەمەل تەسىس قىلىنغان بولۇپ، نۆۋەتتە بۇ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت دۆلىتىمىز جەمئىيەت سىغىمچانلىقى ۋە قۇرۇلمىسىغا ماس چۈشمەيدىغان بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتمەكچى ھەمدە ھۆكۈمەتنى كىچىك، ئەمما كۈچلۈك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە بازار ۋە ئېھتىياج بىلەن تەرەققىي قىلىدىغان ئىنسانىيەتنى تومتاقلا مەمۇرىي قۇرۇلما ئىچىگە تىزىپ قويسا، ئۇنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن ئالغا بېسىشى ناھايىتى قىيىن. دېمەك بىز ھازىر ئەمەل ئورنى ئازايتىلىدىغان، ئىش ئۇنۇمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغان، بېقىش ۋەزىپىسى ئازايتىلىدىغان دەۋرگە كېتىپ بارىمىز. ئەمدى مەھەللىمىزدىكى چايخانا پارىڭىغا كەلسەك، ئەمەلنىڭ بولۇشى بىلەن ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ تەڭپۇڭلىشىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئەمىلى ياكى شۇنداق مەسئۇلىيىتى بار، ئۇ ساھەگە ھۆكۈمەت كۆڭۈل بۆلگەن تۇرۇقلۇقمۇ يەنە مىسلىداپ، ئىچكى زىددىيەت بىلەن خۇرسىنىپ يۈرگەن ئەمەل، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت ئىگىلىرى تارىخىي پۇرسەتلەرنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ، كېيىن ئۇ قالمىغاندا قاقشايدىغان ۋە ئاغرىنىدىغانلارنىڭ بايراقدارلىرى بولۇشنىڭ قانداق شەرەپلىك يېرى بولسۇن؟

كېرىكى، رولى قالمىغان ياكى پېنسىيىگە چىققان مەزگىلدە شەپ-
كىنىڭ ياكى چاچىنىڭ ئورنىغا دوپپا كىيىۋېلىپلا ئۆزىنىڭ «مىل-
لەتپەرۋەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى» نى سۆزلەپ يۈرۈيدىغان بىر
قىسىم پېشقەدەملەردىن بۇ يەردە مۇشۇنچىلىك سۆز ئاچايلى،
تېخى پېشقەدەم بولماي تۇرۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى
خەجلەپ خەلققە ھېچ ئىش قىلماي، غەيۋەت ئىچىدە چىرىپ كېتىد-
ۋاتقان بىر قىسىم ياش كادىرلارغا شۇنداق رېتسېپ يازغۇم كېلى-
دۇ:

يۈز دەررە!

# بايلىق

قانداق ئادەملەر باي بولىدىغاندۇ، دەپ كۆزەتكىنىمدە مۇنداق ئىككى ئادەم ئېسىمگە كېلىدۇ: بىرى، ئىلگىرى ئوقۇغان ياكى چوڭ ئۆتكەن ئادەمنىڭ بالىلىرى. يەنە بىرى، تىرىشچان ئادەملەر. ئالدىنقىسىغا ئىسپاتىم شۇكى، بايلارنىڭ بالىلىرى ياكى ئوقۇغان ئادەمنىڭ بالىلىرى ھەر خىل سەۋەبلەر (سىياسىي ھەرىكەت، خاپىلىق ياكى تاسادىپىيلىق) تۈپەيلىدىن «قاتتىق» بايلىقىدىن قۇرۇق قالسىمۇ، بىراق ئەقىل ۋە روھتىن ئىبارەت يۇمشاق بايلىقىدىن ئاسان ئاجراپ كەتمەيدىكەن، ئۇنىڭ قېنىدا يەنىلا تۇرغۇنلۇق ۋە تەدبىر ئېقىپ تۇرىدىكەن. ئەسلىدىلا قاتتىقچىلىق ئىچىدە ئۆتكەنلەرنىڭ بالىلىرى ئالاھىدە سەۋەبلەرنى چىقىرىۋەتكەندە يەنىلا روھىدىن بوش چىقىدىكەن. ئەمدى تىرىشچانلىقتا كەلسەك، ئۇ ھالال ۋە توغرا تەرەپتىن تىرىشسۇن ياكى ھىيلە ـ مىكىر ئۇچۇن كاللا قاتۇرسۇن، ئۇنىڭ شۇ تىرىشچانلىقى مېۋە بېرىدۇ (ئەلۋەتتە يامانلىقتىن تاپقان بايلىق كېيىنچە ئۆزىگە بالا بولىدۇ، بۇ ئېنىق چۈشىنىلسە!) . پۇل ـ مېلى يېتىشكەن ئادەملەر قورساق ۋە دۇمبىنىڭ غېمىنى قىلىپ ئولتۇرماي، چوڭراق ئىشلار ئۇچۇن باش قاتۇرالايدۇ. ئىلغار مەملىكەتلەردە نېمە ئۇچۇن ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىشىنىڭ سىرى ۋە نەتىجىسى شۇ. بايلىقمۇ ماددىي ۋە روھىي بايلىق دەپ ئايرىلىدۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ ناتوغرا پىلان ۋە پاسكىنا

ۋاستىلەر بىلەن ماددىي جەھەتتىن باي بولۇشى ئۇ كىشى ياكى كىشىلەرنىڭ باي بولغانلىقىنى ھەرگىز بىلدۈرمەيدۇ، تۆۋەن سۈپەتلىك سودا ياكى مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ۋە ياكى مالنى يۆتكەپ سېتىش بىلەن باي بولغانلىقمۇ بايلىقنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى ئەمەس. بۇنداق بايلىقلار جىددىي ئۆزگىرىش ۋە تەرتىپكە سېلىش ياكى بازار سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەدبىرلىرى ئالدىدا خۇددى سوپۇن مازغىپىدەك بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا چوڭلارنىڭ «بىزدە مۇنداق بايلار ئۆتكەن، ئۇنداق كاتتىلار ياشىغان» دېگىنىنىڭ ھازىر ھېچبىر تەسىرى قالمىغانلىقى بۇ گەپلەرنىڭ ئىسپاتى. شۇڭا سۈپەتلىك سودا، تېخنىكىلىق سودا بىلەن قويرۇقى پاكىز ئۇزۇلگەن پۇللارنى تېپىپ، ئۇنى يەنە ئەقىل ئىچىشقا ئىشلىتىش، ئەخلاق، مەدەنىيەت ۋە مەقسەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەقلىي بايلىقنىمۇ بىللە جۇغلاش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا بۇ بايلىقنىڭ سايىلىقىقا ئايلىنىشى يىراق گەپ ئەمەس.

# يۇرت

يۇرت سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ۋەتەن، ئەل» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، كېيىنچە بۇ ئىخچام ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆز باشقا خەلقلەرگىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. مەسىلەن: كاپكازدىكى خاساۋي يۇرت، تۈركىيەدىكى يېشىل يۇرت، يۇرت كۆي ... قاتارلىقلار. يۇرتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى ھازىرقى تۈزۈلمە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا يېزا دەرىجىسىدىكى مەمۇرىي ئورۇننى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: لۇكچۇن، چارباغ، قارادۆۋە ... قاتارلىقلار. چوڭلىرىدىن ناھىيە، ۋىلايەتلەرگىچە بولىدۇ. بەزى ۋىلايەتلەردە چوڭراق ۋە ئالاھىدە ناھىيىلەر كىشىلىرى يۇرتىنى شۇ ۋىلايەت نامى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ناھىيىسى بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن: كۇچار كىشىلىرى ئاقسۇلۇق دېيىشتىن كۆرە ئۆزىنى كۇچارلىق دېيىشكە مايىل، يەكەن ۋە پىچان كىشىلىرىمۇ شۇنداق. باشقا ئۆلكە ۋە دۆلەتلەرگە بارغاندا يۇرتىنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ شۇ ئۆلكىسى ياكى ئاپتونوم رايونىنى يۇرتۇم دەپ تونۇشتۇرىدۇ، ئۇنى ئانا ۋەتەن دەپ چۈشىنىشىنىڭمۇ ئورنى بار، چۈنكى تۇغۇلغان ۋە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەرنى ۋەتەن دېيىش دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئورتاق ئادەت. تۈركىيەدە ۋەتىنىنى ئۆلكە، تۇغۇلغان يېرىنى مەملىكەت دەيدىكەن. بۇ بىزگە تەتۈرەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئۇلارچە تۇغۇلغان يەر مەمۇرىي ياكى سىياسىي گەۋدىدىن بۈيۈك ھېسابلىنىدىكەن. يۇرتىمىز، دىيارىمىز، ئېلى-

مىز، ۋەتىنىمىز دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ قايسىسىنى چوڭ ھېسابلاش توغرىسىدا تىلشۇناسلار بىلەن ئاۋامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بولۇشى تەبىئىي. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ تازا ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن يېقىملىق تۇيغۇ بىلەن ھېس قىلىدۇ. يەنە مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ساپا ـ سۈپىتى ۋە ھەر خىل بەلگىلىمىلەر تۈپەيلىدىن ھەر خىل چۈشىنىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. يۇرتنى «ۋەتەن» دېسە باشقىچە مەنە چىقىرىپ چۈشىنىدىغانلارمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن، يۇرتنى سۆيگەن، يۇرتنى ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇپ سۆيگەن ياخشى. ئۆزىنىڭ كىچىك دائىرىدىكى ئانىسى (تۇغقان ئانىسىنى) ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۆزى تۇغۇلغان يەرنى سۆيۈش جەھەتتە دەرىجە پەرقى بولمايدۇ. بۇ بەختلىك ئادەم بولۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى.

## مەنپەئەت

50 ـ يىللاردىن 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە «مەنپەئەت» سۆزى سەلبىي تەرەپتىن چۈشىنىلەتتى. بىرەر ئىش توغرىسىدا ئالدى بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى سورالسا تەنقىدكە، ھەتتا جازاغا ئۇچرايتتى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن كىشىلەر مەدەنىي دۇنيادىكى ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلەر مۇناسىۋىتىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى ۋە ئادەمنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت بېرىش بىلەن ياشايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا يۈزلەندى. ئىلگىرى مەنپەئەت ئىنكار قىلىنغىنى بىلەن ئىنكار قىلغۇچى مەنپەئەتنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئەڭ چوڭىنى ئېلىۋالغان بولغاچقا، نەتىجىدە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ناچارلىشىپ، دۆلەت ئىقتىسادىي يىمىرىلىشكە باشلىغاندى. ھازىر شۇ يىللارنى ئەسلىگىنىمىزدە ئىنسان تۇرۇپ ئىنساننى چۈشەنمەيدىغان ۋە ئۇنى قىينايدىغان غەيرىي تەبىئىي قاراشلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان مەھسۇلات، تاشقى پېرىۋوت ياكى خام ئەشيا بولغاندىلا، شۇ جەمئىيەت ئاندىن توقچىلىق ۋە ئىناقلىققا تولىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ھەر بىر شەخسكە ھەر خىل ھوقۇق، مەنپەئەت ۋە شارائىت بېرىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر ئادەمدە دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان شەخسىي مۇلۇك ۋە ئەركىنلىك بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ. مۇشۇنداق دەبدەبىلىك ۋە ھەيۋەتلىك قانۇنىيەتلەر نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى ئىنساننىڭ تەبىئىتى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئىنسان چوقۇم مەلۇم ماددىي ياكى مەنىۋى مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئادەمنىڭ ھۆجەيرىلىرى ھەر سېكۇنت ئوزۇقلۇق ۋە ئوكسىگېنغا موھتاج بولغىنىدەك، ئادەمدىن ئىبارەت مىلياردلارچە ھۆجەيرىلەر تەشكىلاتىمۇ تەبىئىي ھالدىلا مەنپەئەت، خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. شۇڭا مەنپەئەتلەرنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ياكى ئىنساپ دائىرىسىدە بولۇشى زۆرۈر بولۇپلا قالماي، مەنپەئەتلەرنىڭ سۈپەتلىك، ئالىي ۋە ئەقىللىي بولۇشىمۇ جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. كىشىلەر ۋە تەبىقىلەر مەنپەئەتىنىڭ تەقسىمات جەھەتتە ئادىل بولۇشىمۇ تۇرلۇك بەختسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا بىرىنچى رولغا ئىگە.

# ئىجتىمائىي ئورۇن

ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ قانداق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن، بۇ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكى، تەس كۆرگەنلىكى ياكى ئۇمىدسىزلەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ئا- ساسىي قارىشىغا ئايلانغان «نەق پايدا» چۈشەنچىسى ۋە ئاددىي ھۇنەر ۋە خام ئەشيا ئارقىلىق ئۇزلىرىنى قالتىس چاغلاش ئوي - خىيالى بۇنىڭ تىپىك ئىسپاتى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن بايلار بار، ئاجايىپ قۇۋۋىتى بار خوجايىنلار يۈرمەكتە. لېكىن بىر نەرسە كەمكى ئۇلاردا ئىجتىمائىي ئورۇن تۆۋەن. پۇل بىلەن ئورۇن قازانغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى بىردەمدىلا قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. نۇرغۇنلىرىمىز ئىشىك ئالدىدا كۆكتات ساتساقمۇ ئىدارىدىكى ما- ئاشتىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ، دەپ قارايمىز، ئەمەلىيەت- تە موزدوز، كۆكتاتچى ياكى مايلامچى بىلەن ھوقۇق ياكى مەدەنى- يەت مەركىزىدىكى ئاز پۇل تاپىدىغان ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت ئىچىدىكى تەسىر كۈچى ئوخشىمايدۇ. بىر جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدە مۇلازىمەت تۈرىدىكى ئىشلار ۋە ئەتراپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ھەمدە ھېچقانداق كەسپى يوق ئادەملەر كۆپ بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولغانلار ئاز بولسا ياكى بارغانسېرى ئازايسا، بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەسىرى،

ئىناۋىتى تۆۋەن بولىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنپەئىتى تەبىئىي
ھالدىكى تەسىرگە ئۇچرايدۇ ياكى ئۇنىڭ مەنپەئىتى ئەسكە ئېلىن-
مايدۇ. بۇ ئېمىنى كىتابىمغا كىرگۈزۈشۈمدە قۇرۇق تاغار ئۆرە
تۇرمىغان ياكى ئۇستەلنىڭ پۇتلىرى سۇنسا تەكپۇك بولمىغان
ئەھۋالغا ئوخشاشلا، بىر دەملىك ياكى ئاددىي جان بېقىش ئۇسۇل-
لىرى بىلەنلا ئىناۋەتلىك بولدۇم دەپ قېلىشنىڭ ئۆزى دەل
تۆۋەنلەش ياكى قولىدىكى رىسقىنى ئۆزۈنىچە تۇتالماسلىقنىڭ
باشلىنىشى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىشتىن ئىبارەت. چۈن-
كى جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە تىنچلىقى ھەر تەرەپتىن، ھەر كە-
سىپتىن ۋە ھەر دەرىجىدىن تەكپۇك تۈزۈلگەن ئادەملەر توپى
ئارقىلىق تەمىن ئېتىلىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئورۇنغا سەل قارى-
ماسلىق ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھۆرۈنلۈق قىلماسلىق لازىم.

# قىستۇرما Ⅳ

| كەسىپ ئىسمى | ئېھتىمالدىكى كېلىشمەسلىكلەر | تەدبىرى |
|---|---|---|
| ئاشپەز | گازدىن زەھەرلىنىش، بەدەن ئاجىزلاپ كېتىش، قان بۇزۇلۇش | مەشغۇلات توغرا بولسۇن، بەدەننى تەڭشەشنى بىلسۇن |
| ئەسكەر | يارىلىنىش، غايىب ئوق تېگىش | ئەسكىرىي بىلىمنى ياخشى ئۆگەنسۇن |
| ئەمەلدار | قان بۇزۇلۇش، ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراش، ئەمەلدىن ئايرىلىش | ئاممىغا ياخشىلىق قىلسۇن، كېلىپ چىقىشىنى ئەسلىسۇن |
| باجگىر | قان بۇزۇلۇش، يۈرەك زەئىپلىشىش | كىشىلەرگە ئىللىق بولسۇن، مېھماندارچىلىقتا ئاز بارسۇن |
| باغۋەن | بوغۇم كېسەللىكلىرى، چارچاپ يىقىلىش | ئىسسىق - سوغۇقنى تەڭشىگەي، مۇۋاپىق ئەمگەك قىلغاي |
| باققال | سوغۇق كېسەللىكلەر، نارازىلىق ۋە جېدەل | بەدەننى تەڭشەشكە دىققەت قىلغاي، خەقنىڭ ھەققىگە چېقىلمىغاي |
| باقمىچى | قان ۋە تومۇر كېسەللىكلىرى، قەرزگە بوغۇلۇش | تاماقنى ئازراق يېگەي، قەرزگە دىققەت قىلغاي |
| بانكىر | تېگى يوق ھەۋەسلەر، ھەر خىل قان كېسەللىكلىرى، خىيانەت | ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئاسرىغاي، ئۆزىگە داغ تەگكۈزمىگەي |
| بېزەكچى | يىلىك ۋە ھەزىم كېسەللىكلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ھەققىنى ئالالماسلىق | سالامەتلىكىگە دىققەت قىلغاي، كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرگەي، توختام ئېنىق بولغاي |
| بېلىقچى | سۇغا غەرق بولۇش، ئاسان ئاغرىش، يېتىمسىراش | جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەڭشىگەي، مۇداپىئە ياخشى بولغاي |
| پالچى | ئەدەپ يېيىش، قوغلىنىش، زەھەرگە ئۆگىنىپ قېلىش | دىن ۋە پەن - تېخنىكىغا خىلاپ ھەردكىتىنى دەرھال توختاتقاي |
| پەردازچى | يىقىلىش، تاش بەدىنى زەئىپلىشىش | ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۇرغاي |
| پوچتىكەش | يارىلىنىش، چارچاپ يىقىلىش، تۆھمەتكە ئۇچراش | مەسئۇلىيەت ئېنىق بولغاي، سالامەتلىكىنى ئاسرىغاي |
| پىچاقچى | كۆيۈش، تاتۇق، پۇت - قول كېسەللىكلىرى، يارىلىنىش | مەشغۇلاتقا دىققەت قىلغاي، ناچار مىتال ئىشلەتمىگەي، سەمىمىي بولغاي |
| تارىخچى | چارچاش، تىتىلداش ۋە كۆتۈلمىگەن ئىشلار | پاكىتلىق ئىش قىلىش، ئۆزىۈقلىنىشىنى كۈچەيتىش |
| تامچى | سۇنۇق، يارىلىنىش، ئاغرىق - سىلاق | بەدەننى قۇۋۋەتلەش، يېڭى تېخنىكا ئۆگىنىش |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| كەسىپ ئىسمى | ئېھتىمالدىكى كېلىشمەسلىكلەر | تەدبىرى |
| --- | --- | --- |
| تەرجىمان | بەدەن ئاجىزلىقى، ئېغىز بالاسى، خاتا يەتكۈزۈش | تەرجىمىگە پۇختا بولۇش، مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش |
| تەنھەرىكەتچى | ھەرخىل زەخىملىنىشلەر، بالدۇر سەپتىن قېپقېلىش | مۇۋاپىق چېنىقىش، كېيىنلىكىگە پۇختا تەييارلىق قىلىش |
| تەھرىر | ھەرخىل خاتالىقلار، ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋە بېسىم | كەسپىي ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرماسلىق، گېزىت ـ ژۇرنالنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرۇش |
| تۆمۈرچى | زەخىملىنىش، پۇت ـ قول كېسەللىكلىرى | زامانىۋىلىقتا يۈزلىنىش، كۈچلۈك ئوزۇقلىنىش |
| تېخنىك | ھادىسە، روھىي بېسىم ۋە ھارغىنلىق | كۆپ خىل تىل ئىگىلەش، ياخشى كۆتۈنۈش |
| تېۋىپ | نامراتلىق، غەۋغا ۋە قان بۇزۇلۇش | تېبابەت ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىش، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىش |
| تىككۈچى | چارچاش، جانسىزلىق، زېرىكىشلىك | يېڭى يۈزلىنىشنى ئىگىلەپ تۇرۇش، سالامەتلىكىنى پات ـ پات تەكشۈرتۈپ تۇرۇش |
| خالۋاپ | ئۆپكە كېسەللىكلىرى، روھىي ئاچلىق ۋە ھەر خىل ئىش ئۈستىدىكى يارىلىنىشلار | ئائىلە مۇھەببەتكە ئېرىشىش، ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەرگە بېرىلمەسلىك |
| خەتتات | بوغۇم ئاغرىقلىرى، چارچاش | ھەرخىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش، ئۆزىنى ئىپادىلەپ تۇرۇشقا پۇرسەت ئىزدەش |
| دوپپىچى | كۆز ۋە پۇت ـ قول ئاغرىقلىرى | كۆز ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك يېيىش |
| دورىگەر | قان بۇزۇلۇش، بۇرۇن ياللۇغى، يۈرەك كېسەللىكى | يىلدا ساياھەتكە چىقىش، قۇمغا كۆمۈلۈش |
| دۇكاندار | ھەر خىل پۇل مۇئامىلە مەسىلىلىرى ھەمدە مۇچە كېسەللىكلىرى | ئېھتىياتچانلىق، ئىلمىيلىك ھەمدە تېبابەت بويىچە كۈتۈنۈش |
| دېھقان | پۇت ـ قول ئاغرىش، ئېغىر دەرىجىدە چارچاش، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك | ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىش، ئارام ئېلىشقا دىققەت قىلىش |
| دېكتور | جىددىيلىشىش، روھىي بېسىمدىن كېلىپ چىققان ئۇيقۇسىزلىق | كەسپىي بىلىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەيپىياتنى تەڭشەپ تۇرۇش |
| دىنىي خادىم | رېئاللىقتىن ئايرىلىش، بېكىنمىچىلىك | |

| كەسىپ ئىسمى | ئېھتىمالدىكى كېلىشمەسلىكلەر | تەدبىرى |
|---|---|---|
| رەسسام | مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى | نورمال ئەمگەك قىلىش |
| رېستۇرانچى | سېمىزلىك، يۈرەك ـ مېڭە ئاجىزلىشىش | مۇھىتنى ياخشىلاش، مۇۋاپىق چېنىقىش |
| زەرگەر | زەھەرلىنىش، كۆز زەخىملىنىش | كۆزنى ئاسراش |
| ساتىراش | خىمىيىلىك بۇيۇملاردىن زەھەرلىنىش | تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش |
| سارايۋەن | تازىلىقى ۋە مۇلازىمىتى تەلەپكە يەتمەسلىك | ئىنسانغا مەسئۇل بولۇشتەك مەسئۇلىيەت قارىشى |
| سازەندە | ھەر خىل مۇچە كېسەللىكلىرى | ئەمگەك ۋە ئارامنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش |
| ساز ياسىغۇچى | قول ۋە بەل ئاغرىقلىرى | تېبابەت بويىچە كۈتۈنۈش |
| ساقچى | باشقىلار تەرىپىدىن قەستكە ئۇچراش، ئاشقازان كېسەللىكلىرى | ۋاقتىدا ئوزۇقلىنىش، ئەتراپىدىكىلەرگە دوستانە بولۇش |
| سودىگەر | ئۇخلىيالماسلىق، ئاشقازان كېسەللىكى، تەشۋىشلىنىش | مۇۋاپىق ئارام ئېلىش، ۋاقتىدا ئوزۇقلىنىش، سوداكەسىپكە پىششىق بولۇش، ئىقتىسادىي كاللا بولۇش |
| سۇنۇقچى | ئېرىشكەن ھۆرمىتىنى تۇتالماسلىق | بىمارغا تۇغقىنىدەك مۇئامىلە قىلىش |
| سېستىرا | يۇقۇملىنىش، چارچاش، تەشۋىشلىنىش | ئارام ئېلىشتا كۆڭۈل بۆلۈش، تازىلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىش، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇش |
| سىياسىيون | ھەر خىل خاتالىق، مەسئۇلىيە، بېسىم | نورمال ھايات تەرزىگە قايتىش |
| شائىر | مېڭە ئاجىز بولۇش، كۆز ئاغرىش | مۇۋاپىق چېنىقىپ تۇرۇش |
| شوپۇر | ھادىسە، مەزى بېزى ياللۇغى، ئۇيقۇسىزلىق | مۇۋاپىق ئارام ئېلىش، سالامەتلىككە دىققەت قىلىش، تېخنىكىسىنى پۇختىلاش |
| قاساپ | يارىلىنىپ قېلىش | ئەتراپىدىكىلەرگە مۇلايىم بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش |
| قەغەزچى | زەھەرلىنىش، ئۆپكە ياللۇغى | تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، مۇھىت ئالماشتۇرۇش |
| كاۋاپچى | قان قويۇق، ئىس ـ تۈتەكتىن زەھەرلىنىش | مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىپ، مۇھىتنى تەڭشەش |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| كەسپ ئىسمى | ئېھتىمالدىكى كېلىشمەسلىكلەر | تەدبىرى |
|---|---|---|
| كوررېكتور | ھەر خىل مۇچە ئاغرىقلىرى ۋە كۆز، مېڭە كېسەللىكلىرى | ئۆزۈقلىنىشنى كۈچەيتىش |
| كومپيۇتېرچى | كۆز كېسەللىكلىرى، باش قېيىش، پۈتۈن بەدەن ئاغرىش | مۇۋاپىق چېنىقىش، مۇھىت ئالماشتۇرۇش |
| كۆكتاتچى | بوغۇم ئاغرىقلىرى، تەشۇنشلىنىش، چارچاش | ھۆللۈكتىن يىراق تۇرۇش، مۇۋاپىق ئارام ئېلىش |
| كىراكەش | چارچاش، يۈرەك ئاغرىش، زېرىكىش | تېنى ۋە قانۇننى چۈشىنىش |
| گۈلچى | زۇكام بولۇش | مۇھىت ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش |
| گىلەمچى | كۆز ۋە پۇت - قول ئاغرىقلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى | ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئۆزۈقلىنىشنى كۈچەيتىش |
| لەتپىچى | ئېغىزدىن خاتا كېتىش ۋە ئاغرىشقا سەۋەبچى بولۇش | ئانا تىلغا پىششىق |
| مايلامچى | ھەر خىل بوغۇم ئاغرىقلىرى | چېنىقىش ۋە ياخشى ئوزۇقلىنىش |
| مىراب | سوغۇق كېسەللىكلەر | بەدەننى تەڭشەشنى ئۆگىنىۋېلىش |
| مىسكەر | قول ئاغرىش، باش ئاغرىش | جىمجىت مۇھىتتا ئارام ئېلىش |
| مۇخبىر | قەستكە ئۇچراش، چارچاش | توغرا ئاخبارات قارىشىدا چىڭ تۇرۇش |
| ناخشىچى | جىددىيلىشىش، كاناي ياللۇغى، ھاياجانلىنىش | كەيپىياتنى تەڭشەپ تۇرۇش، ئوزۇقلىنىشقا دىققەت قىلىش |
| ناۋاي | بوغۇم ئاغرىقلىرى، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، مەزى بېزى ياللۇغى | مۇۋاپىق ئارام ئېلىش، سالامەتلىكنى پات - پات تەكشۈرتۈپ تۇرۇش |
| نەشرىياتچى | روھىي بېسىم ۋە چارچاش | ئىش سالمىقىنى ئىلمىي بېكىتىش |
| ھاممال | جىسمانىي جەھەتتىن چارچاش، روھىي چۈشكۈن بولۇش | جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەڭشەشنى ئۆگىنىۋېلىش |
| ئوقۇتقۇچى | ئاسان ئاچچىقلىنىش، بويۇن ئومۇرتقا كېسەللىكى، روھىي بېسىم | مۇۋاپىق ئارام ئېلىش، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەڭشەش |
| ئوۋچى | يولدىن ئېزىپ قېلىش، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇش | تەييارلىق پۇختا بولۇش، ھوشيار بولۇش |

| كەسپ ئىسمى | ئېھتىمالدىكى كېلىشمەسلىكلەر | تەدبىرى |
|---|---|---|
| ئۇزۇمچى | پۇت - قول ئاغرىش | ئۈزىگىمۇ، باشقىلارمۇ ئوخشاش قاراش |
| ئىشچى | جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە چارچاش | ياخشى ئوزۇقلىنىش ۋە سۇغۇرتىغا قاتنىشىش |
| ئىشلەمچى | ئاغرىنىش، قورقۇنچاق بولۇپ قېلىش | پاتراق ئىلمىي ئەمگەك ۋە سودا ئۇچۇن ساپا ھازىرلاش |
| يازغۇچى | غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قېلىش، رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قېلىش | جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن مۆتىدىل بولۇشقا تىرىشىش |
| ياغاچچى | مۇرە ياللۇغى | زامانىۋى ئەسۋابلاردىن پايدىلىنىشنى بىلىش |
| ياماقچى | قول ئاغرىش، كۆز ئاغرىش، تېرە كېسەللىكلىرى | مۇۋاپىق ئارام ئېلىش، تازىلىققا دىققەت قىلىش |
| يول ئاسرىغۇچى | نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، چارچاش، ئاشقازان كېسەللىكلىرى | سالامەتلىككە دىققەت قىلىش، ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىش |

ئەسكەرتىش: 1) ھەرخىل كېلىشمەسلىكلەر بەك قىسقا بايان قىلىندى، تۇرلەندۇرۇپ چۈشىنىلسە؛ 2) زىيانلىق يېمەك - ئىچمەك ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى باشقا كىتابلىرىمىزدىن تەپسىلىي كۆرۈپ دىققەت قىلىنسا؛ 3) كەڭرەك ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشنى ئويلىغۇچىلار «كەسپدارلار سەمىگە» ناملىق كىتابىمىزدىن پايدىلانسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۆز

دوختۇرلارنى ئاغرىپ قالامدۇ، بايلارنى ۋەيران بولامدۇ، ئەمەلدارلار غەم يەمدۇ، چىرايلىقتا ئەلەم، سەتتە ئامەت بولامدۇ ... دەپ قالمايلى. ھەر ئادەمنىڭ، ھەر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بولىدۇ، بەزىلىرىگە بەختمۇ دەرد، بەزىلىرىگە دەردمۇ بەخت كەلتۈرۈشى مۇمكىن، بەزىلەر ئاچلىقتىن قۇتۇلماقچى بولسا، بەزىلەر توقلۇقتىن قېچىپ يۈرۈيدۇ. بەزىلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلسا، بەزىلەر كۈچلۈكلەرنى ئەپلەيدۇ. «دەردى يوق كېسەك، ئىشقى يوق ئېشەك» دېگەندەك، تۇغۇلۇپلا قالسا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە دەردى بىللە چۈشىدۇ، بەزى ئائىلىلەردە 5 ~ 6 پەرزەنتى كېسەللىك، زەھەر ۋە قەرز سەۋەبىدىن بارار ۋە ياتار يېرىگە مەڭگۈلۈك كەتسىمۇ، ھاياتقا يەنىلا ئۈمىدلىك قارايدىغان ئاتا - ئانىلارنى كۆردۈم. بىر بالىنىڭ دەردىدە قان دەريا بولۇپ، ياشاشتىن ۋاز كەچكەن ئادەملەرنى ئاڭلىدىم. ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دەردى ئەندىشە ۋە خۇدۇكسىنىشتىن ئاۋۇيدۇ. ئالىملار قىزىقىش ۋە ئىشلەشتىن يىقىلغان بولسا، نادانلار شېشىنىڭ ئىچىدىكى زەھەر تۇپەيلىدىن تىزلىنىپ قالىدۇ. كىشىنىڭ ھەققىنى يېگۈچىلەر تاماقتىن زەھەرلەنگەن بولسا، ئەمگەكچىلەر غەم - غۇسسىدىن ئېزىلىدۇ، ۋەھاكازا...

ئۆزۈمگە كەلسەم، كاللامدا بىر - بىردىن ياخشى تېمىلارنىڭ بىر - بىردىن ئورۇن تالىشىۋاتقانلىقىدىن، ياخشى كىتابلار-

نى يېزىش ۋە چىقىرىش ئىمكانلىرىنىڭ ئازىيىشۋاتقانلىقىدىن ئەندى-
شە قىلغان بولسام، كۆرگەن ئۇن مىڭلىغان - يۈز مىڭلىغان
كىشىلەرنىڭ شەخسىي سىرلىرىنى قانداق پاتقۇزۇش خاپىلىقىدا
مۇكچىيىپ قالماقتىمەن. چۈنكى ئېھتىماللىقنى سەزگەن ۋە ئىت-
تىكرەك ئىش قىلىشۋالاي دېگەن ئادەم ئېنېرگىيىسى خوراپ تۈگە-
شىگە قارىماي، «كۆۋرۈك ئۈزۈلۈپ كەتكۈچە ئۆتۈۋالاي» دەپ
ئالدىرىغاندەك، بىر ئادەمنى بولسىمۇ ئۈمىدسىزلىك گىرۋىكىدىن
قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشىۋاتقان مەندەك ئادەمنىڭ يۈكىنى تەڭ-
رى تېغىدىن ئېغىر قىياس قىلساق ئارتۇق كەتمەيدۇ، تەۋەككۈل-
چىلىك ۋە قەرز خەتىرى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. شۇنداقتىمۇ
قىلىشۋاتقان ئىشلار ئەل - يۇرتقا پايدىلىق بولسا، شۇنىڭ خۇشال-
لىقىدا ھاياتنى ئۈمىد ۋە خىزمەت بىلەن ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان
ياخشىكەن. دېمەكچىمەنكى، دەردى بارلار ۋە دەردى كۆپلەر ئازا-
بىڭلارغا ئازاب يۈكلىمەڭلار، 24 سائەتنىڭ ھەر بىر مىنۇتى
ئالدىنقى كۈندىكى شۇ مىنۇت بىلەن ئوخشاش ئىسمدا ئاتالسىمۇ،
بىراق ئۇ مىنۇت بۇ مىنۇت ئەمەس. سىز غەم بىلەن پۈچۈلانسى-
ڭىزمۇ، ئۆزىڭىزنى تۈتۈۋېلىپ ئويلانسىڭىزمۇ يەنىلا شۇ مىنۇت
ئۆتۈۋېرىدۇ، ئالدىنقى كۈنى ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغان بولسىڭىز
بۈگۈن شۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرىسىز. ئۇنىڭ پايدىسىنى شۇ كىشى-
دىن ياكى باشقا بىر كىشىلەردىن ھامىنى كۆرەلەيسىز. ئەڭ
مۇھىمى ياخشى سۆز ۋە ياخشى ھەرىكەت سىزنىڭ مىجەز -
خۇلقىڭىزغا سىڭىپ كىرىدۇ، بۇمۇ ئاجايىپ چوڭ پايدا ھېسابلى-
نىدۇ. دېمەك، دۇنيادا دەرد بار، خۇشاللىقمۇ كۆپ.

نادان بىلەن ئالىمنىڭ، سۈپەت بىلەن ناچارلىقنىڭ، بىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى

بىلەن بىلمىگەننىڭ، قەلبى سۈزۈك بىلەن تېگى پەسنىڭ... ھامىنى پەرقى بولىدۇ. بەزى كىشىلەر جاھان بۇزۇلدى دەپ ئاغرىنىپ، ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن ئۆكۈنىدۇ، يامان ۋە مەدەنىيەتسىزلەرنىڭ ۋاقتىنچە باي بولۇشى ياكى يوغانچىلىقىغا قاراپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ، بۇ توغرا قاراش ئەمەس. مۇنداق بولغاندا قارا سودا، پاسكىنا سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە زوراۋانلىق قىلىش مەدەنىيەتنىڭ بەلگىسى دېگەن خۇلاسە چىقىپ قالامدۇ؟ سۈپەتلىك ئادەملەر، بىلىمى بارلار ۋە مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كىشىلەرنىڭ ھامىنى ھۆرمەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، خېلى بىر باسقۇچقا چىقمىغۇچە شەكىللەنمەيدىغان بۇ ياخشى تەپەككۇرنى ئاشۇ ۋاقىتىنچە دەۋر سۈرگەن ئادەملەرگە قاراپلا تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ.

دۇنيانى قانداق باھالاش ھەركىمنىڭ شەخسىي ئىشى، لېكىن كۆرىدىغان كۈنلىرىڭىزنى ئاغرىنىپ تېزلىتەلمەيسىز، ئەمما خۇشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۇزارتالايسىز، چۈنكى ئەھمىيەتلىك بىر مىنۇت ناچار روھىي ھالەتنىڭ بىر يىلىغا تەڭ... ئاشۇ ئەھمىيەتنى شەخسىي جېنىڭىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەل ـ ۋەتەنگە پايدىلىق ئىش قىلىپ تاپالايسىز، ئىستىقبالى بار مىللەتنىڭ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشىمۇ دەل ئۆگىنىش ۋە ئۈمىدىنى ئۆزمەي ئالغا ئىلگىرىلەشتە، قېنى ئەمدى، بىز قايسى ھالەتتە تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىمىز؟

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى
مەسئۇل كوررېكتورى:  رەيھان نۇر

# ئازابلىق كۈنلەردە

— روھىي زەربىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

ئەخمەتجان ئىسمائىل

---

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى 830001)
شىنجاڭ «توققۇز بۇلاق» مەتبەئەچىلىك تەرەققىيات شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
1168×850مم، 32 فورمات، 6.5 باسما تاۋاق
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى،
2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 4000 — 1

---

ISBN7—5372—3944—4
باھاسى: 12.00 يۈەن